2020 دېكابىر-2021 يانۋار

ئومۇمىي 17-سان

# ئۇيغۇرلار

# The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

فاشىزم ئىجرائاتچىسى

50



ئۆلكە تارىخى

118



مەخپىي ئۇرۇش

1



6 009800 461091

2020 دېكابىر- 2021 يانۋار
ئومۇمىي 17-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

تېلېۋىزور كۆرۈشنىڭ بالىلارغا بولغان زىيىنى 63

فاشىزم ئىجرائاتچىسىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى

ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئۇرۇش پسىخولوگىيىسى 90

ۋاقىت باشقۇرۇشتىكى مۇھىم پىرىنسىپلار 98

## خىتاي تەتقىقاتى

مەخپىي ئۇرۇش

## گۈلىستان

ئىلىم يولۇچىلىرى ئۈچۈن تەۋسىيەلەر

## تارىخ ۋە بىز

تۇرپان، پىچان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى كۈرەشلىرى 81

پولات قادىرى ۋە ئۆلكە تارىخى

ئازتەك ئىمپېرىيىسى ۋە ھالاكىتى 112

## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق 56

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار 42

## ساغلاملىق

مېڭىش ۋە ساغلاملىق 108

ئەسلىمىلىرىمىز بىزنى ئالدىغان چاغدا 70














خىتاي تەتقىقاتى

# مەخپىي ئۇرۇش

روبېرت سپالدىڭ



## بەشىنچى باب: رەقەملىك جەڭگاھ

ئالدىنقى بابتا خىتاينىڭ ئۆزىدىكى جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، تەبىئىي مۇداپىئە توسۇقى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى قەيت قىلغان ئىدۇق. ھالبۇكى، خىتاي تور بوشلۇقىدىمۇ ئەنە شۇ خىل مۇداپىئە سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. خۇددى خىتاينىڭ ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان يىراق ئارىلىقى خىتاينى ھەربىي ھۇجۇملاردىن قوغداپ قالغاندەك، خىتاينىڭ ھۇجۇم قىلىش قىيىن بولغان يېپىق ئىنتېرنېت سىستېمىسى، يەنى «تور سەددىچىنى»مۇ خىتاي ئۈچۈن «رەقەم قورغىنى»لىق رولىنى ئوينىماقتا. غەربتە ئىنتېرنېت ئالاقە ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان. خىتايدا بولسا ئېنتېرنېت خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قاتمال، ھاكىممۇتلەق، ئىدىيەنى قاتتىق تىزگىنلەيدىغان تەپەككۇرىغا قەتئىي بويسۇنىدىغان ۋە ئۇنىڭ سانلىق مەلۇماتلارنى ئىستراتېگىيەلىك قورال سۈپىتىدە كۆرىدىغان چۈشەنچىسىگە كۆرە باشقۇرۇلىدىغان بولغاچقا، خىتايدىكى ئىنتېرنېت «ئالاقىگە قارشى تۇرۇش» مەقسىتىدە بەرپا قىلىنغان. يەنى خىتاينىڭ تورى مۇشۇ مەقسەتتە بەرپا قىلىنغان تور مۇداپىئە سىستېمىسىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي تور سەددىچىنى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەزىرىدە خەتەرلىك دەپ قارىلىدىغان تور بەتلەرگە كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن ياساپ چىقىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر بۇ تور سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكىلەر خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ رەقەملىك قىسىملىرى ھەركۈنى قىلغاندەك، تور مۇلازىمېتىرنى توختىتىۋېتىش، يامان غەرەزلىك يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلىتىش ياكى باشقا ھەرقانداق شەكىلدە خىتايغا تور ھۇجۇمى قوزغاش بىلەن شۇغۇللانسا، خىتاي دائىرىلىرى بۇ ھۇجۇملارنى مەزكۇر «تور سەددىچىنى»نىڭ سىرتىدا توسۇپ قالالايدۇ.

خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى دۆلەتكە تەۋە قوشۇن ئەمەس، بەلكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي بىخەتەرلىك تەشكىلاتىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 6139 ـ قىسمى، يەنى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ چوڭ تىپلىق تور ئۇرۇشى قىسمى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىدىئولوگىيەسى بويىچە تىزگىنلىنىدىغان، (ياتلارغا قارشى) دۈشمەنلىك پوزىتسىيەگە ئىگە ھەربىي قىسىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى غەربكە ھەركۈنى توختاۋسىز، چاقماق تېزلىكىدىكى تور تەشۋىقاتى ھۇجۇمى قوزغاشتۇر. مەزكۇر تور قىسمى ھازىر خىتاينىڭ چەكلىمىسىز ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يادروسىدۇر. چۈنكى، خىتاي مەزكۇر قىسىمغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا: «بىز

قوشۇنلارنى ئىشقا سېلىپ يۇرمەيمىز، ئەكسىچە بىز پەقەت تور جەڭچىلىرىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلنى تەۋرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىمىز» دېيەلەۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، مەزكۇر تور قىسمىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، باشقا دۆلەتلەرنى خىتاينىڭ «جەمئىيەت قانداق تەشكىللىنىشى كېرەك؟ خەلققە قانداق هوقۇقلار بېرىلسە بولىدۇ؟ خىتايغا نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن قانداق ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك؟» دېگەندەك جەھەتلەردىكى قىممەت قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاشتۇر.

خىتاي بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىليونلىغان خىتاي پۇقراسىنى يالالاپ، خاككېرلىققا ۋە تور كۆزەتكۈچىلىككە سالدى. 2008 ـ يىلى نۇرغۇنلىغان رەسمىي تەتقىقاتلاردا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي هۆكۈمىتى بىر پارچە تور يازمىسىغا بەش مو (تەخمىنەن يەتتە سېنت) دىن پۇل بېرىپ، نەچچە ئون مىڭلىغان خىتاي تور ئابونتلىرىنى يالالاپ، تورلاردا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى ياقىلايدىغان، مەدھىيەلەيدىغان يازمىلارنى يازدۇرغان. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى قارىغۇلارچە ياقىلايدىغان تورداشلارنى تەنقىدلەشتە ئىشلىتىلىدىغان «بەش مولۇقلار پارتىيەسى» دېگەن ئاتالغۇ ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرىغا چىققان.

2013 ـ يىلىغا كەلگەندە، «بەش مولۇقلار پارتىيەسى»دىكىلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشقان. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۆز تاراتقۇلىرىدىكى خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى ئىككى مىليون نەپەر «جامائەت پىكرى تەھلىلچىسى»نى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن. كېيىنكى چاغلاردا بۇ ساننىڭ تېخىمۇ كۆپەيگەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى، تەخمىنەن ئون مىليون ئەتراپىدىكى پىدائىي خىتاي ئوقۇغۇچى خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تورلاردا مۇشۇ خىل نازارەت قىلىش ۋە يالغان ئۇچۇر تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خاككېرلىرىمۇ ئامېرىكانىڭ شىركەتلىرىگە، هۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا، سىياسىي پارتىيەلىرىگە خىلمۇخىل تور هۇجۇمى قوزغاپ كەلدى.

تور ئەسلىدىنلا نامىسىزلىق بىلەن خاراكتېرلەنگەن مەۋھۇم دۇنيا بولغاچقا، بېيجىڭدىكى بىر خاككېر ئاسانلا ئۆزىنىڭ تور ئادرېسىنى لاتۋىيە دېگەندەك جايلارغا ئۆزگەرتەلەيدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا، سىز بەلكىم تور هۇجۇمىنىڭ قەيەردىن قىلىنغانلىقىنى تېپىش قىيىن بولىدۇ، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، نۇرغۇن ئەھۋاللاردا، مۇئەييەن تور هۇجۇملىرىنىڭ گەۋدىلىك خاراكتېرلىرى سەۋەبلىك، هۇجۇم مەنبەسىنى ئاسانلا تېپىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكا كارخانا ساھەسىدىكىلەر يېقىندا ئۆزلىرىگە قىلىنغان تور هۇجۇملىرىنىڭ هەركۈنى مۇئەييەن ۋاقىت بۆلۈكىدە، نيۇيورك ۋاقتى كەچ سائەت 11 دە، يەنى دەل خىتايدىكى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا توختاپ قالىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، شۇنىڭدىن نەق بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى خىتاينىڭ هەربىي

خاككېرلىرى تامىقىنى يەپ بولۇشقاندىن كېيىن، دەل ۋاقتىدا ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇنداقتا، بۇ تور ھۇجۇملىرى قاچان 12 سائەتتىن 14 سائەتكىچە توختايدۇ؟ ئامېرىكانىڭ شەرق ۋاقتى سەھەر سائەت تۆتتە، يەنى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تور بۇزغۇنچىلىقى گۇرۇپپىسى ئىشتىن چۈشكەندە.

لېكىن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ نىشانى ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك ۋە خىلمۇخىل. تېخنىكىلىق پىلانلارنى ئوغرىلاش ـــ سانائەت رەقىبلىرىنى ۋەيران قىلىپ، غايەت زور پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋە ئىستراتېگىيىلىك نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەمچى تېگىدىغان مۇرەككەپ شامال تۈربىنىسى ياكى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن خىمىيىلىك بىرىكمە ياساشقا ئوخشاش كونكرېت مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما تېخىمۇ كۆپ سانلىق مەلۇماتلارنى ئوغرىلاش ۋە ئېلخەتكە ئېرىشىش تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، بۇ ئارقىلىق خىتاي زور مىقداردىكى خىلمۇخىل ئۇچۇرلارنى تارقىتىپ، ئۆز تەسىرىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتەلەيدۇ. مۇنداقلا ئويلىغاندا، باشقىلارنىڭ ئېلخەت ياكى ئۇچۇرلىرىنى قولغا چۈشۈرگەندە، قارشى تەرەپنى قاقتى ـ سوقتى قىلغىلى بولىدۇ. بىز بۇ خىل ئەھۋالنى غەربتە ناھايىتى كۆپ ئۇچرىتتۇق. مەسىلەن، يالىڭاچ سۈرەت، مالىيە جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى ئاشكارىلايدىغان شەخسىي ئۇچۇرلار، ياكى ئۆي ئىچىدىكى ناباپ ھالەتلەردە تارتىۋېلىنغان سۈرەتلەر باشقىلارنى ئۆزىنىڭ دېگىنىگە كۆندۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاستىلەردىندۇر. قانداقلا بولمىسۇن، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ئىنچىكە ۋە مۇرەككەپ مەشغۇلاتلارمۇ بار.

مەسىلەن، مەلۇم بىر زەنجىرسىمان مېھمانخانىنىڭ خېرىدارلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى ئوغرىلانسا، مەلۇم بىر شىركەتنىڭ خادىملىرىنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرى خاككېرلىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، بانكىنىڭ كرېدىت دوكلاتى ئوغرىلانسا، بۇ ماتېرىياللاردىن قايچىلاشتۇرۇپ پايدىلانغان ھالدا، تەسىر كۆرسىتىلىدىغان نىشانى بېكىتكىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا يەنە كارخانىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى ھالقىلىق شەخسلەرنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ سەپەر لىنىيەسىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرگىلى، قايسى شىركەتلەرنىڭ ئارىسىدا ھەمكارلىق مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ياكى قايسى شىركەتنى سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى، قايسى خىزمەتچىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىق بارلىقى (ۋە پۇل ئارقىلىق سېتىۋېلىشنى ئويلىشىپ بېقىشقا بولىدىغانلىقى)نى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا يەنە ئەسلىدە بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنىدىغان ئۇچۇرلارنى بىر يەرگە جۇغلاپ، ھەرىكەت قوللىنىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئىستىخباراتقىمۇ ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنداقلا، خىتاي كومپارتىيەسى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شەخسلەر ۋە كارخانىلارنى ئىستراتېگىيەلىك ھۇجۇم نىشانى قىلالايدۇ.

يۇقىرىقىلار ئىنتايىن ئاشقۇن ۋە مۇرەككەپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغان يادرولۇق ئۇقۇمنىڭ شەرھىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەزكۇر كىتابتا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، تارقاق، پارچە ئۇچۇرلارنىڭ بىرىكمىسى زامانىۋى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر. مەزكۇر كىتاب مۇشۇ خىل ئۇچۇر بىرىكمىسىنىڭ بومبىغا ئوخشاشلا خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى يورۇتۇشقا ئۇرۇنغان. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىگە نىسبەتەن، تور ھۇجۇمى قوزغاپ ئۇچۇرلارنى قولغا كەلتۈرۈش، رەقەملىك مىنا، تۈيۈقسىز ھۇجۇم ۋە ئىستىخبارات ھەرىكىتى ئارقىلىق غەربنى تۇزاققا دەسسىتىش ۋە قالايمىقانلاشتۇرۇش جەھەتتە ھەم ۋەيران قىلغۇچ، ھەم (ئۆزىگە نىسبەتەن) ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. بۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ مۇددىئاسى يوشۇرۇن ھالدا تور ئۇچۇرلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، خىتاينىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە تەسىر كۈچىنى زورايتىشتۇر. مەن «ئىقتىسادىي ئۇرۇش» دېگەن بابتا ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە خەۋپلىك تور زىيانكەشلىكى ھەرىكىتى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغانىدىم. بۇ بابتا، نىسبەتەن كىچىكراق ئىككى مىسالنى بايان قىلىمەن. كۆپچىلىك بۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ تور ھەرىكەتلىرىنى قانداق نازارەت قىلىدىغانلىقىدىن ۋە يامان غەرەزلىك تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قالغۇسى. بۇ ئىككى مىسالنىڭ ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان تەرىپى شۇكى، ئامېرىكا بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۇرۇپمۇ، مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى زىنھار تونۇپ يېتەلمىگەن.

## كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان روي جونېس ۋەقەسى

**2018** ـ يىلى **1** ـ ئايدا، روي جونېس (**Roy Jones**) ئىسىملىك **49** ياشلىق بىرەيلەن مارىيوت مېھمانسارىيىنىڭ (**Marriott International**) نېبراسكا شىتاتىدىكى ئوماھا شەھىرىگە جايلاشقان خېرىدارلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش مەركىزىگە ئىشقا چۈشكەن.

ئۇ بىر كۈنى شىركەتنىڭ تىۋىتېرىغا يېزىلغان ئىنكاسلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، مەلۇم بىر تىبەت مۇستەقىللىق ھەرىكىتى گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆز يازمىسىدا مارىيوت مېھمانسارىيىنىڭ دۇنيادىكى دۆلەتلەرنى تىزىمغا تۇرغۇزغان جەدۋىلىنى نەقىل قىلغانلىقىنى كۆرگەن. مارىيوت مېھمانسارىيىنىڭ يېقىنقى بىر تەكشۈرۈشىنىڭ نەتىجىسى بولغان مەزكۇر جەدۋەلدە تىبەت خىتاينىڭ سىرتىدىكى بىر رايون سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەنىدى.

جونېس مارىيوت مېھمانسارىيىنىڭ رەسمى تىۋىتىر ھېسابىدا (تىبەت مۇستەقىللىق ھەرىكىتى گۇرۇپپىسى يوللىغان) ھېلىقى تىۋىتېر يازمىسىنى ئالقىشلاپ قويغان.

كېيىن جونس ئۆزىمۇ ئالقىشلاش كونۋېكسىنى باسقان ـ باسمىغانلىقىنى ئەسلىيەلمىگەن. ئەنە شۇ بىر ئالقىش شۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىنى ئازابلايدىغان ۋە غەزەپلەندۈرىدىغان بىر قاتار زەنجىرسىمان ھادىسىلەرگە سەۋەب بولغان. ئەنە شۇ بىر ئالقىش سەۋەبلىك بىر ئامېرىكا شىركىتى خىتايغا بويۇن ئەگكەن.

گەرچە تىۋىتېر خىتايدا چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن خىتاي كومپارتىيەسى يەنىلا تىبەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىدىغان مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ تىۋىتېر ھېسابىنى كۆزىتىشكە مەخسۇس ئادەم قويغان. مەزكۇر كۆزەتكۈچى مۇنداق ئىككى ئىشنى بايقىغان: (1) مارىيوت مېھمانسارىيى «قاپيۇرەك»لىك بىلەن، تىبەتنىڭ مۇستەقىل ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان (يەنى تىبەت خىتايدىن ئايرىم بىر يەر سۈپىتىدە تىزىمغا تۇرغۇزۇلغان) تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى توردا ئاشكار ئېلان قىلغان؛ (2) مارىيوت مېھمانسارىيىنىڭ رەسمىي تۋىتېر ھېسابى يەنە «قاپيۇرەك»لىك بىلەن ھېلىقى تىبەت مۇستەقىللىق ھەرىكىتى گۇرۇپپىسىنىڭ تۋىتېر يازمىسىنى ئاشكارا ئالقىشلىغان.

بۇ «ئالەمشۇمۇل» ئىككى ئىش ئالىلىكىملەر تەرىپىدىن شاڭخەي شەھەرلىك ساياھەت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە خەۋەر قىلىنغان. نەتىجىدە، شاڭخەي شەھەرلىك ساياھەت باشقۇرۇش ئىدارىسى مارىيوت مېھمانسارىيىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھېلىقى تەكشۈرۈش جەدۋىلى ۋە تىۋىتېر يازمىسى ھەققىدە شىكايەت قىلغان ۋە ۋال كوچىسى گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، شۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، مارىيوت مېھمانسارىيىنى ئاشكارا كەچۈرۈم سوراشقا ۋە بۇ ۋەقەگە چېتىشلىق كىشىلەرنى «قاتتىق جازالاش»قا بۇيرۇغان.

شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 2018 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، مارىيوت مېھمانسارىيى (خىتاينىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن) جونېسنى خىزمەتتىن بوشىتىۋەتكەن.

جونېس ۋال كوچىسى گېزىتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «مەن نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايلا قالدىم. شىركەت بىزگە خىتايغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتمىگەن ئىدى» دېگەن.

روشەنكى، مارىيوت مېھمانسارىيىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆز خىزمەتچىلىرىنى قوغداش ياكى پىكىر ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش دېگەنلەردىن نېسىۋىسىز كىشىلەردۇر. مەزكۇر شىركەت ئىقتىسادىي جەھەتتە پاي ئىگىلىرىگە مەسئۇل بولۇشى (يەنى خېرىدارلارنى قاچۇرۇپ قويۇپ، ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى) كېرەك، بۇنىڭ خاتاسى يوق. ئەمما، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە خىزمەتچى ـ خادىملارغا ۋە دۆلەتكە قارىتامۇ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئەنە شۇ خىزمەتچىلەر ۋە دۆلەت مارىيوتنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرگەن.

بۇ ۋەقەدە روي جونېس باشقۇرغۇچىلارنىڭ نابابلىقىنىڭلا قۇربانى ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى نازارەت قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىقتىسادىي تەسىر كۈچىنىڭمۇ قۇربانىدۇر. بىز كەلگۈسىدە شۇنىڭغىمۇ شاھىت بولىمىزكى، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ھامان بىر كۈنى خىتاي دائىرىلىرى ياقتۇرمايدىغان ئىشتىن بىرەرنى قىلىپ قويغان ھەرقانداق ئامېرىكالىقنىڭ بېشىغا كەلمەي قالمايدۇ.

## پۇتبول مەستانىسىنىڭ خاككېرلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈشى

توماس (ھەقىقىي ئىسىم ئەمەس) ئوتتۇرا سەۋىيەدىكى بىر تېخنولوگىيە شىركىتىدە خىزمەت قىلاتتى. توماسنىڭ لىنكىدئىن (LinkedIn) سەھىپىسىگە قارىغان ھەركىم ئۇنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى، باشقۇرغۇچىسىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئۇنىڭ قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيتتى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ فېيسبۇك سەھىپىسىگە قارىغانلارمۇ ئۇنىڭ قايسى سەھىپىلەرنى ياقتۇرغانلىقىغا قاراپ، ئۇ توغرۇلۇق تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيتتى. مەسىلەن، ئۇ دائىم ئانا مەكتىپىنىڭ پۇتبول كوماندىسى ئۇچۇن مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەھىپىسىدە ئالقىش بېرىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يەنە بۇ سەھىپىنىڭ ئېلخەت ئادرېسى ئارقىلىق قەرەللىك ئۇچۇرلىرىنى تاپشۇرۇۋالىدىغان ئابۇنتمۇ بولغانىدى.

بۇ خىل (قارىماققا ئۇششاق-چۈششەكتەك كۆرۈنىدىغان) شەخسىي ئۇچۇرلار دەماللىققا ئاشكارىلىنىپ كەتسىمۇ ھېچقانچە خەتىرى يوقتەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن، يامان نىيەتلىك خىتاي تور ئارمىيەسىنىڭ نەزىرىدە، بۇنداق ماتېرىياللار ئۆز قولى بىلەن قويۇلغان ئىمزاغا ۋە تور شىفىرىغا ئوخشاشلا قىممەتلىكتۇر.

بىر كۈنى توماس ئىشقا بېرىپ، ئېلخەت ساندۇقىنى ئېچىپ، ئۆزىگە ئاشۇ كوماندىغا ئالاقىدار بىر خەت كەلگەنلىكىنى بايقىغان (گۇگېلدىن ئۇنىڭ شىركىتىنىڭ ئېلخەت شەكلى تېپىلسىلا، ئۇنىڭ شىركەتتە قايسى ئېلخەتنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى تېپىش چىققىلى بولىدۇ). شۇنىڭ بىلەن، توماس ئۇ ئېلخەتنى ئاچقان، مەزكۇر ئېلخەتنىڭ مەزمۇنىمۇ ئىلگىرى ئاشۇ كوماندا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئېلخەتلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئاندىن ئۇ خەتنى ئوقۇشقا باشلىغان. ئېلخەتتە بىر نەچچە قۇر خەت بىلەن بىر تور بەتنىڭ ئۇلانمىسى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇلار ئادەتتىكى خەت ۋە تور بەت ئۇلانمىسى بولماستىن، توردا ئۇچۇر ئوغرىلايدىغان خاككېرلىق تۇزىقى ئىدى. يەنى مەزكۇر تور بەت ئۇلانمىسى خاككېرلار قۇرغان تۇزاق بولۇپ، توماس ئاشۇ ئۇلانمىنى بىر قېتىم چېكىش ئارقىلىق، ئۆزىمۇ

سەزمەستىنلا يامان غەرەزلىك كودنىڭ شىركەتنىڭ كومپيۇتېر سىستېمىسىغا كىرىشىگە ۋە ختاي خاككېرلىرىنىڭ شۇ ئارقىلىق مەزكۇر شىركەتنىڭ پىلانلىرىنى، ئېلخەتلىرىنى، تېخنىكىلىق تەپسىلاتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ئىدى. كېيىنچە شىركەت دائىرىلىرى بىنورماللىق كۆرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھېسابات تەكشۈرۈش شىركەتلىرىدىن بىرىگە بۇ ئىشنى تەكشۈرگۈزگەن. بۇ شىركەتتىكىلەر خاككېرلار ئىشلەتكەن لىنىيەنى بويلاپ توماسنىڭ كومپيۇتېرىغا بېرىپ توختىغان ۋە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى، يەنى خىزمەتچىلەرنىڭ توردا ئاشكارا ئېلان قىلغان شەخسىي ئۇچۇرلىرى سەۋەبلىك، مەككار (ختاي) خاككېرلارنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلانغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان.

ئاخىرىدا، ختاي مەزكۇر شىركەتنىڭ بارلىق مەھسۇلات لايىھەسى ۋە خېرىدارلار تىزىملىكىنى، شۇنداقلا تەتقىقات ۋە تەرەققىيات مېۋىسىنى قولغا چۈشۈرگەن ۋە بۇ ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ يېڭى شىركەت قۇرغان. تەبىئىيكى، بۇ يېڭى شىركەت ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ھەلەكچىلىكىدە قالغان توماسنىڭ شىركىتىدىن ئېشىپ كەتكەن.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، بۇ ئىككى ھېكايە تىرىكچىلىك غېمىدە يۈرگەن، ئەمما ئاللىقانداق سەۋەبلەر بىلەن توختاۋسىز ئوغرىلاش، قورقۇتۇش، تەسىر كۆرسىتىش ۋە تىزگىنلەش ھەرىكىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئادەتتىكى ئامېرىكالىقلارغا ئالاقىداردۇر. ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە شىركەتلىرى بۇ ئىشقا يۈكسەك ھوشيارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمىسا، بۇنداق ئىشنىڭ ھەربىر ئادەمنىڭ، جۈملىدىن سىزنىڭمۇ بېشىڭىزغا كېلىشىنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ.

## قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش

ختاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مىليونلارچە ختاينى رەقەملىك جەڭگاھ ئۇچۇن تەييارلاپ قويغىنىدا، ئامېرىكا ئارمىيىسى سودا ھۆددىگەرلىرى ۋە لوبىچىلارنىڭ قورشاۋىدا قالغان ئىدى. سىياسەتچىلىرىمىز بولسا ئامېرىكانى ختاي بىلەن بولغان سودىنى ئەسلىدىكىدەكلا داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. خۇددى ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى (House Armed Services Committee) رەئىسى  ئادام سمىسنىڭ (Adam Smith) مۇخبىرلارغا ئېيتقىنىدەك:«مەن ھەربىي سانائەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ پۇلنى دۆلەت مۇداپىئەسى ئۇچۇن خەجلىشىنى ئۈمىد قىلىشىدىكى سەۋەبىنى چۈشىنىمەن. ئۇلارمۇ ئاخبارات ۋاستىلىرىغا ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ئۇچۇن

ئاجرىتىلىدىغان چىقىمنى كۆپەيتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىشىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئۇسكۇنىلىرنى كۆپلەپ سېتىۋېلىشنى خالاشتىكى مەقسىتى، دۆلەت مۇداپىئەسىدىكى ئېھتىياجدىن بەكرەك، ئۇلارنىڭ پۇلغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىندىن بولغان.»

سمىسنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا. تېخىمۇ يامان بولغىنى، بۇ خىل سىياسىي لوبىچىلىق ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن خامچوت قولغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى ئۇنۇمسىز، تاشقى دۇنيانى خاتا تونۇشقا ئېلىپ كېلىدىغان بولۇشتىن سىرت، ئامېرىكادا بۆلۈنۈش ۋە ئىناقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن خامچوتنى كۆپەيتىشنى تەشۋىق قىلىدىغان سۆزلىرى، ئامېرىكالىقلارنى باشقا خەتەرلەرگە قارشى دىققەتلىك بولۇشتىن بىخۇدلاشتۇرۇپ، نېمىنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ھەل قىلىنىشى كېرەك بولغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمەسلىككە، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلنى قەيەرگە ئىشلىتىشنى توغرا ئاڭقىرالماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

2009 ـ يىلى قۇرۇلغان ئامېرىكا تور باش شتابى (CYBERCOM) 2018 ـ يىلى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئۆزىگە قاراشلىق ئون بىرلىكسەپ شتابىنىڭ بىرى بولۇپ بېكىتىلدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پىلانلاش، تەڭشەش، ماسلاشتۇرۇش، تەرتىپكە سېلىش ۋە ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىش بولۇپ، بۇ ئورگان «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئەييەن تور ئۈچۈرى ھەرىكەتلىرىگە قوماندانلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى مۇداپىئە قىلىدۇ. شۇنداقلا، بۇيرۇقنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن تولۇق تەييارلىق بىلەن ئارمىيەنىڭ تور بوشلۇقىدىكى ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق، ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئارمىيەنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئامېرىكانىڭ ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ تور بوشلۇقىدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، دۈشمەن تەرەپنىڭ بۇ جەھەتتە ئۆزىگە ئوخشاش ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە ئېرىشىشنى توسىدۇ.»

قارىماققا بۇنداق ئەھۋالنىڭ بولۇشى ياخشى باشلىنىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما، مۇشۇ خىلدىكىلا پىلان ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن چەكلىنىپ قېلىش يېتەرلىك ئەمەس. رەقەملىك مۇنبەرلەرگە تايىنىدىغان بۈگۈنكى ۋەزىيەتنى ۋە ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ كۆلىمىنى نەزەردە تۇتقاندا، تور قوغدىنىشىغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك بولىدۇ. ئامېرىكا تور باش شتابىنىڭ (CYBERCOM) ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇنى ئامېرىكانىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، ھاۋا ئارمىيىسى، دۆلەتلىك دېڭىز چارلاش ئەترىتى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش ئەترىتى ۋە دېڭىز ئارمىيىسى قاتارلىقلار بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى ئالتىنچى ئارمىيە قىلىش كېرەك. خامچوت ۋە ئادەم سانىمۇ قالغان بەش ئارمىيە بىلەن باراۋەر بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم.

ئامېرىكا ئۆز كارخانىلىرى ۋە ئۇل ـ مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بىر قانچە ئېنتېرنېت ئارمىيىسىگە موھتاج. ئامېرىكا تور بىخەتەرلىكىنىڭ مۇھىملىقى دۆلەت چېگرىسىنىڭ

مۇھىملىقىدىن قېلىشمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئامېرىكانىڭ تور بىخەتەرلىكى ئوخشاشلا دۆلەت مۇداپىئە ساھەسىنىڭ قوغدىشىغا ئېھتىياجلىق. ھەتتا، ئامېرىكا تور ساھەسىنىڭ قوغدىلىش ئېھتىياجىنى دۆلەت چېگرىسىنىڭ قوغدىلىش ئېھتىياجىدىنمۇ يۇقىرى دېسەك بولىدۇ. ئېلېكتر كۈچى بولمىسا ئامېرىكا جەمئىيىتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، تېلفونغا توك قاچىلىغىلى بولمايدۇ، كومپيۇتېرلار ئېچىلمايدۇ، ئېلېكتر بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۈسكۈنىلەر خىزمەتتىن توختايدۇ، بانكىلار تاقىلىپ قالىدۇ، پۇل چىقىرىش ماشىنىسى ئىشلىمەيدۇ، قىزىل چىراقلار يانمايدۇ. كىشىلەر ھالاك بولىدۇ.

بىزنىڭ لېدىرلىرىمىز مەسئۇلىيەتسىزلەرچە مەبلەغ سېلىش، ساختا ماللار، ئايپى ئوغرىلىقى قاتارلىق مەسىلىلەردە بىخەستىلىك قىلغاندەك، تور بىخەتەرلىكىنى قوغداش جەھەتتىمۇ بىخەستىلىك قىلماقتا. بۇ مەسىلىلەر دائىملا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى تەرىپىدىن كەينىگە سۈرۈلۈپ، نەزەرگە ئېلىنماي كەلدى.

ئەمما، زامانىۋى ئۇرۇش ھېسابلانغان، بىزگە قارىتىلغان بۇ تور ئۇرۇشى ھەر كۈنى يۈز بېرىۋاتىدۇ.

بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

### ئىجتىمائىي تور ھۇجۇمى

«پسىخولوگىيىلىك ئۇرۇش» دېگەن ئاتالغۇ يېقىندا ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، بۇ ئۇقۇمنىڭ تارىخى ئۇزۇن. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، پسىخىكىلىق ئۇرۇش سۆز ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ ئىشەنچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى، ياكى دۈشمەننى قورقۇتۇپ، پارچىلاشنى كۆرسىتىدۇ. ئېنتېرنېت دۇنياسى پسىخولوگىيىلىك ئۇرۇشنى دەل مۇشۇ خىلدىكى ھۇجۇملارغا ماس كېلىدىغان، نازارەت قىلىنمايدىغان غايەت زور مۇنبەر بىلەن تەمىنلىدى. ئېنتېرنېت ئىجاد قىلىنمىغان چاغلاردا تەشۋىقاتلار ئاساسلىقى ئىككى خىل باسقۇچ ئارقىلىق تارقىتىلاتتى. ئاۋۋال ئاسماندىن تەشۋىقات ۋارىقى تاشلىنىپ، رادىئو، گېزىت قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق دۈشمەننى تېرىپىرەن قىلىۋېتىش تىپىدىكى خەۋەر، يازمىلار ئېلان قىلىناتتى. ئارقىدىن بۇ خىلدىكى خەۋەرلەر ۋە يازمىلار توختىماستىن كۆچۈرۈپ تارقىتىلاتتى. ئەمما بۇ خىل ئۇسۇل پەقەت مەلۇم تېررىتورىيەدە قىسماقۇا ئېلىنغان مىللەتلەر توپىغىلا قارىتىلىدىغان بولۇپ، بۇ خىلدىكى پسىخولوگىيىلىك ئۇرۇش تەشۋىقاتلىرىنىڭ قانداق تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. ئايروپىلاندىن تاشلانغان تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى

نىشانلانغان تورنىڭ قولىغا چۈشۈشتىن ئاۋۋال باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىشى، كۆيدۈرۈۋېتىلىشى، ھەتتا ساماۋى كىتاب ئوخشايدۇ دەپ خاتا چۈشىنىلىپ، ئىلاھ ئورنىدا ئىبادەت قىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. يەنى، ئاسماندىن ۋاراقچە تاشلاش تىپىدىكى پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى.

بىراق كۈنىمىزدە ئىنتېرنېت ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئوتتۇرىغا چىقتى. يېڭى مەيدانغا كەلگەن بۇ يېڭى دۇنيانىڭ، يەنى ئىنتېرنېت دۇنياسىنىڭ تەرتىپىنى باشقۇرۇش، ئۇنىڭدىكى ئۇچۇر ـ ئالاقىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ھېچكىم قىلمىدى (يەنى، ئىنتېرنېت دۇنياسى باشقۇرۇلۇشتىن خالىي، كىم نېمە دېگۈسى كەلسە دەيدىغان ئەركىن دۇنيا بولدى.) تامامەن يېڭى ۋە ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلانغان ئىنتېرنېت دۇنياسى پسخولوگىيىلىك ئۇرۇش ئۇچۇن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولۇپ بەردى.

ئىجتىمائىي تارتقۇلار يالغان خەۋەر تارقىتىش، بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش، ئىناقلىقنى بۇزۇش، يالغاندىن پاكىت ئويدۇرۇش، خەلقنى قۇترىتىش، دېموكراتىك تۈزۈمگە ئارىلىشىش، زوراۋانلىققا كۈشكۈرتۈش قاتارلىقلارنىڭ ياخشى ۋاستىسى بولۇپ بەردى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك مەقسەتلەرگە يېتىشنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، بۇ ھال بەئەينى مەخپىي زەھەرلىك دورىغا ئوخشايدۇ. بىز ئالىلقاچان ئىنتېرنېتتا پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش قىلىشنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغىچە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىغا شاھىت بولدۇق. رۇسىيە 2016 ـ يىلى ئامېرىكا سايلىمىدا مۇشۇنداق پسخولوگىيىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، سايلام جەريانىدا بەزى شتاتلاردىكى بېتەرەپ كىشىلەردە تەۋرىنىش ھاسىل قىلىپ، سايلام نەتىجىسىنىڭ ھالارى كىلىنتونغا پايدىسىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مۇشۇ ۋاقىتقىچە، خىتاينىڭ ئامېرىكا سايلىمىغا ئارىلاشقانلىقىغا ئائىت كونكېرت دەلىل ـ ئىسپات بولمىسىمۇ، بىراق خىتاي بەزى ئىشلارنى تەۋرىتىش ئۇچۈن تىرىشىپ كەلدى. تۆۋەندىكى بۇ سۆز، جۇڭگو مەركىزىي تور بىخەتەرلىكى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسىغا (Cyberspace Adminstration) تەۋە نەزەرىيىۋى تەتقىقات گۇرۇپپىسى (Theoretical Studies CenterGroup) تەرىپىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ سۆزدە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ تور ھۇجۇمى ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن:

ئىنتېرنېتتىكى جامائەت پىكىرلىرىنى يېتەكلەشنى كۈچەيتىش؛ دۆلەت ۋە پارتىيەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ئاساستا دۆلەتنىڭ ئىسلاھاتىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك تەشۋىق قىلىش؛ ئىقتىسادىي جانلىقلىقىمىزنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، ئىقتىسادىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئائىت سىياسەتلىرىمىزنى داملاش؛ بىزگە بولغان گۇمانلارنى يوق قىلىپ، ئىشەنچنى ئاشۇرۇش؛ يېڭى تېخنولوگىيە ۋە يېڭى يۇمشاق دېتاللارنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىشقا سېلىپ، تور ئامىسىنىڭ ئىدىيىسىنى

يېتەكلەش ۋە تور كەيپىياتىنىڭ ئۆزگۈرۈشىنى، شۇنداقلا قائىدە-نىزاملىرىنى ئۆز قولىمىزدا تۇتۇش؛ كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئالاقىدار تېمىلاردا قىزغىن مۇنازىرىلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىق؛ توردا پىكىر بايان قىلىش ۋە جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش جەھەتتە مۇھىم رول ئويناپ، تور ساھەسىنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش (مۇھىم خىزمەت نىشانلىرىمىز بولۇشى كېرەك.)

بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستراتېگىيە ئورگىنىنىڭ بايانلىرى بولۇپ، بۇنىڭدا خىتاينىڭ تور كۈچلىرىنىڭ جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈشتە ئاكتىپ تەشۋىقات بىلەن بولۇشى كېرەكلىكى بايان قىلىنغان. بۇ ھۆججەت «باش رەئىس شى جىنپىڭنىڭ خىتاينى تور ساھەسىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق كۈچ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىغا ئائىت پىكرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى: تور بىخەتەرلىكى ۋە ئۇچۇر ئالاقە خىزمىتىنى كۈچەيتىش» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ھۆججەتتە ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتېرنېتتا (خىتايغا پايدىلىق) ئىنكاس يېزىشقا ئائىت غەرىزىنى تېخىمۇ كونكرېت ئىپادىلەپ بەرگەن: «تورغا ئۆزىمىز ئۈچۈن پايدىلىق مەزمۇنلارنى يوللاش چوقۇم ئەڭ زور چەكتە كۈچەيتىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا پارتىيەنىڭ ئىدىيىسى تور بوشلۇقىدىكى ئەڭ جاراڭلىق سادا سۈپىتىدە ياڭراشنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرالايدۇ.»

كەسلىن كارلېي (Kathleen M. Carley) ئىلىم ساھەسىدە ئىجتىمائىي ئالاقە بىخەتەرلىكى ھەققىدە ئەڭ بالدۇر ئىزدەنگۈچىدۇر. ئۇ ئەسلىدە كانېرج مېلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (Carnejie Mellon University) جەمئىيەتشۇناسلىق پروففسورى بولۇپ، ھازىر كانېرج مېلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر ئىنستىتۇتىدا (School of Computer Science) يۇمشاق دېتالنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتىنىڭ (İnstitute for Software Research) پروففېسورى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. پروففېسور كەسلىن بۇ ئىنستىتۇتتا ھېسابلاش، تەشكىللەش ۋە جەمئىيەت قاتارلىقلارنىڭ باغلىنىشىنى تەتقىق قىلىدۇ. قىسقىچە ئېيتقاندا، ئۇ كۈنىمىزدىكى ئىجتىمائىي تور ئۇرۇشى تەتقىقاتىدىكى باشلامچى ئاكادېمىك ھېسابلىنىدۇ. تور مالايلىرى تۋىتىر، فېيسبۇك، رەدىت، ئىنستاگرام ۋە باشقا يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلەتكۈچىلەرنى كونترول قىلىپ، سىياسىي تەشۋىقاتلارنى كۈچەيتىش ۋە باشقىلارنى مەزكۇر تەشۋىقاتلار بىلەن يۇقۇملاندۇرۇش، يالغان ئۇچۇر تارقىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئىجرا قىلىش، تەپرىقىچىلىك ۋە جاڭجال پەيدا قىلىش قاتارلىقلار ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك دېتاللاردىن قانداق پايدىلىنىدۇ، دېگەن تېمىلار ھەققىدە ئىزدىنىش پروففېسور كەسلىننىڭ تەتقىقات دائىرىسىدىكى ئىشلاردۇر.

كەسلىن ۋە تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرچە بارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى ئۆز ئابونتىغا مەلۇم شەخس بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى ۋە مەلۇم مەزمۇنغا ئېرىشىشنى تەمىنلەشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى قىلىۋاتماقتا ئىكەن. بۇ خىل سۇپىلارنىڭ بىر تۈرلۈك ھېسابلاش ئۇسۇلى بار بولۇپ، بۇ ئۇچۇرلار ئىشلەتكۈچىنىڭ قىزىقىشىغا قارىتا، ئەۋزەللىك تەرتىپى بويىچە دەرىجىگە ئايرىلىپ، ئىشلەتكۈچىنىڭ مەزمۇننى كۆرۈشى ياكى ئالاقىگە ئۆتۈشى ئۈچۈن ئىشلەتكۈچىگە يۇقىرىقى ئەۋزەللىك تەرتىپى بويىچە مەزمۇن ۋە ئابونتلار تەۋسىيە قىلىنىدىكەن. باشقىلارنى زەرەتلەشنى كۆزلىگەن شىركەت، ئورگان ياكى دۆلەت ھەر قايسى ئىجتىمائىي ئۇچۇر سۇپىلىرىنىڭ ئەۋزەللىك تەرتىپى بويىچە ھېسابلاش قائىدىسىنى ئۆزى تارتقاتقان ئۇچۇرنى باشقىلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدىكەن. ئۆزىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئۇچۇرلار كومپيۇتېر ئارقىلىق ئالدىن تەڭشەپ قويۇلغان تور ماشىنا ئادەملىرى ئارقىلىقمۇ تارقىتىلىدىكەن. خىتاينىڭ بۇ تور ماشىنا ئادەملىرى ئارمىيىسى يۇقىرىدا نامى كەچكەن ياكى كەچمىگەن ئىجتىمائىي ئالاقە يۇمشاق دېتاللىرىدا زور مىقداردىكى  يالغان ئۇچۇر ۋە مەزمۇنلارنى توختىماستىن يوللاش ۋە ئەۋەتىش ئارقىلىق تورنى مالىمان قىلىپ، جەمئىيەتتە بۆلۈنۈش ۋە تەپرىقچىلىك پەيدا قىلالايدۇ.

بۇ ئەڭ قورقۇنچلۇق پىسخىكىلىق ئۇرۇش شەكلىدۇر. كەسلىننىڭ ئىسپاتلىشىچە، خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇنى داۋاملىق تۈردە كۆزىتىشكە ناھايىتى قىزىقىدۇ. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى. بېيجىڭدىكى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېدىيا تەجرىبىخانىسى خىتايدا ئالقىشقا ئېرىشكەن مىكرو بلوگ (ۋېيبو) ئابونتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇچۇرنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇپ، بۇ تاپشۇرۇپ ئالغان ئۇچۇرلار قاتارىدا تۆت يۈز ئەللىك مىليون مىكرو بلوگ ئابونتىنىڭ بارلىق يازمىلىرى، رەسىملىرى، يوللىغان ۋىدىئولىرى، مودا بولغان سۆزلەر قاتارلىقلار مەۋجۇت بولۇپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسىنى مەزكۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ ئانالىز قىلىشىغا سۇنغان ئىكەن.

كەسلىننىڭ دېيىشىچە، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ تورنى بۇ قەدەر قاتتىق نازارەت قىلىشىدىكى سەۋەب ئابونتلارنىڭ تور ئادرېسىنى مەۋھۇملاشتۇرۇش دېتاللىرى ئارقىلىق خىتاي قۇرغان تور سېپىلىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىكەن. تور ئادرېسىنى مەۋھۇملاشتۇرۇش دېتاللىرى سايىسىدە ئۇچۇر ئەۋەتكەندە ۋە يازما يازغاندا ئورگان تەرەپنىڭ نازارەت قىلىشىدىن قاچقىلى بولىدۇ. مانا بۇ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ خىتايدىكى تور شىركەتلىرىنىڭ تور ئادېسىنى مەۋھۇملاشتۇرۇش تېخنولوگىيىسىنى تور ئابونتلىرىغا تەمىنلىشىدىكى ۋە تور ئابونتلىرىنىڭ بۇ تېخنولوگىيىنى سېتىۋېلىشىنى چەكلىشىدىكى سەۋەبتۇر.

توردا ئىجتىمائىي ئۇرۇش قىلماقچى بولغان ھەر قانداق شەخس قولغا چۈشۈرۈشنى ھەممىدىن بەك خالايدىغان نەرسە ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىنىڭ ماتېرىيال ئامبىرىدۇر. بۇنى قولغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى، شۇ سۇپىنى قوللانغان ئابونتلار ئارىسىدىكى

ئالاقىنى ئوچۇق بىلگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر ئالاقە سۈپىتى بەلگىلىگەن دەرىجىگە ئايرىش ئۇسۇلىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. كەسلىننىڭ دېيىشىچە: «ئۇرۇش قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا يالغان ئۇچۇر تارقىتىش ياكى يالغان گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئالاقە سۈپىلىرىنىڭ تۇرگە ۋە دەرىجىگە ئايرىپ ھېسابلاش مەنتىقىسىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىڭىزگە يېتەلەيسىز.»

كەسلىننىڭ تەتقىقاتى ئەسلىدە پەقەت رۇسىيەگىلا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى رۇسىيەنىڭ ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەدە قانداق قىلىپ پارچىلىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، ھەمدە توقۇنۇشقان تەرەپلەر ئارىسىدا كاللا سوقاشقا قويۇش ئارقىلىق، قانداق قىلىپ ئۇچقۇندىن يانغىن چىقارغانلىقىنى تەرقىق قىلىش ئىدى. ئەمما ئۇ 2019-يىلى بىر كىشىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇنى كونترول قىلىش ئارقىلىق فىلىپپىن ۋە ھىندونوزىيەدىكى چوڭ سايلامغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، ھەم بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ يېقىندا تۇيۇقسىز خىتاي بىلەن ناھايىتى يېقىنلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. فىلىپپىننىڭ ئەسلىدە ئامېرىكا بىلەن ناھايىتى كۈچلۈك باغلىنىشى بار ئىدى (ھەمدە بۇ دۆلەت دۇنيادىكى ئىنگلىز تىلى ئىشلىتىدىغانلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان 4-دۆلەت ئىدى)، فىلىپپىن پرېزىدېنتى رودرىگو دۇتېرت (Rodrigo Duterte) نامىدا فىلىپپىندىكى ئۇل-مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن خىتايدىن يىگىرمە تۆت مىليارد دوللار قەرز ئالغان. بىراق، ئۇ 2016-يىلى بۇ ھەقتە خىتاي بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغاندىن ئېتىبارەن، خىتاينىڭ قىلتىقىغا چۈشكەن دۇتېرت خىتاي بىلەن كېلىشكەن ئىشلاردا ھېچبىر تۈتامغا چىققۇدەك نەتىجە يارىتالماي، دۆلەت ئىچىدىمۇ تەنقىدلەرگە دۇچ كەلدى.

كەسلىن مۇنداق دەيدۇ: «بىز 2016-يىلىدىكى فىلىپپىن چوڭ سايلىمىدا تور ماشىنا ئادىمى ئارقىلىق سايلامغا تۇسالغۇ قىلىنغانلىقىنى، تور ماشىنا ئادەملىرىنىڭ دۇتېرتنى قوللاش، ئۇل-مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى يېڭىلاشنى قوللاش، ھەمدە ئۇنىڭ خىتاي بىلەن توختام تۈزۈشىنى قوللاش ئۈچۈن ئىشقا سېلىنغانلىقىنى كۆردۇق. مېنىڭ بۇ خىل تور ھەرىكەتلىرى خىتاينى مەنبە قىلغان دېيىشكە تولۇق ئاساسىم يوق. بىراق، يۇقىرىقى تور ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خىتايغا پايدىلىق ئىكەنلىكى ئېنىق.»

كەسلىن يەنە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھىندونوزىيە ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىغا قارىتىلغان تەتقىقاتتا، يەرلىكتە ناھايىتى قارشى ئېلىنغان تىۋىتىر ئۇچۇرلىرىنى ئانالىز قىلغاندىن كېيىن، تور ماشىنا ئادەملىرىنىڭ نۆۋەتتىكى پرېزىدېنت جوكوۋىنى (Joko Jokowi Widodo) ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنى قوللىغانلىقىمۇ بايقالدى. ھىندونوزىيە دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، «ئاسىيا ھەپتىلىكى» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، جوكوۋى خىتاينىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلغىنىنى كۆرمەسكە سالغان.

يەنە تېخى، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ باش رەئىسى شىجىنپىڭ بىلەن كۆرۈشۈشىنى ئازراقمۇ يوشۇرماي، ئۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىر بەش قېتىم كۆرۈشكەن. ئۇ يەنە خىتاينىڭ ھىندونوزىيەگە مەبلەغ سېلىشنى كۆچەپ قارشى ئالغان. 2016 ـ يىلى مەبلەغ سوممىسى 2015 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا ئۈچ يۈز ھەسسە ئاشقان. ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە دېيىلىشىچە: «جوكوۋى ھۆكۈمىتى بېيجىڭنى ئاشكارا تەنقىدلەشنى خالىمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش خىتاينى ھىندونوزىيەگە مەبلەغ سېلىشتىن ياندۇرىۋېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ.»

ئەگەر خىتاي راستىنلا ھىندونوزىيەگە قارىتا ھۆكۈمەتنى ئوڭ ـ تەتۈر قىلىدىغان ھەرىكەت ئېلىپ بارسا، ئۇنىڭ ئۇسۇلى چوقۇم ئەينى يىلدىكى رۇسىيەنىڭكىدىنمۇ زىل بولىدۇ. كەسلىنىڭ دېيىشىچە:«خىتاي قارىماققا بۆلگۈنچىلىك قىلمايۋاتقاندەك سىياقتا كۆرۈنىدۇ. خىتاي خەلقئارا جامائەتچىلىككە خىتاي ياخشى دېگەن تۇيغۇنى كەلتۈرۈشكە، كىشىلەرنى خىتاينى ياخشى كۆرگۈزۈشكە، خىتاينىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىگە كىشىلەرنى ئىنىشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ.»

خىتاينىڭ بۇ ئىستراتېگىيىسى بىر يۈرۈش ماھارەتلەرگە ياندىشىپ بولۇپ، سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا بۇ ھەقتە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز. بۇ ئىستراتېگىيە بويىچە، خىتايلار گەپكە ئۇستا، خىتايلار سىزنى «ماڭا ياخشى بولسۇن دەپ ئويلاۋاتىدۇ» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىشنى، ئارقىدىن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىنى قولغا كەلتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىشنى ياخشى بىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىشەنچ مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا، 5G تورىدىنمۇ بەكرەك ئىشەنچكە ئېھتىياجلىق يەنە بىر ساھە يوق.

## ئالتىنچى باب: زامانىۋى ئۇرۇش — 5G تورىنىڭ كەلگۈسى

2014 ـ يىلى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى روبېرت ۋورك (Robert Work) «دۆلەت مۇداپىئە يېڭىلىق يارىتىش تۈرى»نىڭ مەسئۇلى بولۇپ تەيىنلەندى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ تۈر «ئۈچىنچى قېتىملىق قورال ـ ياراق مۇسابىقىسى ئىستراتېگىيىسى» دەپ ئاتالدى. بۇ ئامېرىكا ھەربىي تارىخىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىككى ھەربىي پىلان ئۈچۈن قوللىنىلغان ئاتالغۇدۇر. تۇنجى قورال ـ ياراق مۇسابىقىسى ئىستراتېگىيىسى پرېزىدېنت ئېيزىنخاۋېر (Eisenhower) دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنئەنىۋى قورال ـ ياراقلار جەھەتتىكى باشلامچىلىق ئورنىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، يادرو قورالىنى ئىشقا سېلىشنى قارار قىلغان. ئىككىنچى قېتىملىق قورال ـ ياراق مۇسابىقىسى ئىستراتېگىيىسى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى خارولد بىروۋن (Harold Brown)، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەتقىقات ۋە ئېنژېنېرلىق ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ۋىلىيام پېررى (Willam Perry) تەرىپىدىن پرېزىدېنت كارتېر دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، پرېزىدېنت رېگان دەۋرىدە داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. ئامېرىكا بۇ پىلان ئارقىلىق كۆرۈنمەس جەڭ ئايروپىلانى، يول باشلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا، سۈنئىي ھەمراھ جاسۇسلۇقى قاتارلىق ئىلغار ھەربىي تېخنىكىلارغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشقا يۈزلىنىش قىلغان. بۇ ئىلغار قوراللار 1960 ـ ۋە 1970 ـ يىللاردا دەۋر ھالقىغان لايىھە ۋە تەتقىقات نەتىجىسىدە ياساپ چىقىلغان بولۇپ، بۇنىڭ پۇلى مەزكۇر تەتقىقات ۋە لايىھەلەر ئۈچۈن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە ئاجرىتىلغان مەبلەغدىن چىقىم قىلىنغان. ئەينى چاغدا ئامېرىكادىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمنىڭ ئىككى پىرسەنتى تەتقىقات ۋە لايىھەلەشكە سەرپ قىلىنغان. كۈنىمىزدە بولسا، ئامېرىكانىڭ تەتقىقات ۋە لايىھە ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يىللىق چىقىمى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمنىڭ 0.7 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق قورال ـ ياراق مۇسابىقىسى ئىستراتېگىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىقىلىشىغا سەۋەب بولغان.

ئۈچىنچى قېتىملىق قورال ـ ياراق مۇسابىقىسى ئىستراتېگىيىسى ئامېرىكانىڭ 21 ـ ئەسىردىكى ھەربىي كۈچ ئەۋزەللىكى ۋە رەھبەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى تىرىشچانلىق بولۇپ، پرېزىدېنت ئوباما مەزگىلىدىكى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى چاك ھاگېلنىڭ (Chuck Hagel)

سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئىستراتېگىيە ئامېرىكانىڭ تېخنولوگىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھاگېل يەنە بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، چۈنكى «ئامېرىكانىڭ ئۇن يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە قايتا قۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنى، ئەمما رۇسىيە ۋە خىتاينىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەربىي زامانىۋىلاشتۇرۇشقا نۇرغۇن مەبلەغ سالغانلىقىنى، شۇڭا بىزنىڭ ھەربىي تېخنىكا ئەۋزەللىكىمىزنىڭ ئەسلىدىكى كۈچىنى يوقاتقانلىقىنى» ئېيتقان.

روبېرت ۋورك (Robert Word) «دۆلەت مۇداپىئە يېڭىلىق يارىتىش تورىنى ئىجرا قىلىشقا كۈچەشنى باشلىنىغىنىدا، خارولد بروۋېن ۋە چاك خاگېل ۋەزىپىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈۋالغان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئاش كارتېر (Ash Carter) ئۆزى ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ئەمەسلىكىنى بايقىدى. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئەسلىدە تېخنولوگىيەلىك ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئىككى تەرەپ بەزى مەنبەلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولغاندىلا، ئامېرىكا دۇنيادا ئۆزگىچە بولغان دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى جەڭ تەييارلىقى سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. بىراق كارتېر خىتاينىڭ تېخنولوگىيە ساھەسىگە مەبلەغ سېلىش ۋە خىتاي ئالىملىرىغا تايىنىشتىن ئىبارەت ئىككى چارە ئارقىلىق تېخنولوگىيە ساھەسىگە پۈتۈنلەي سىڭىپ كىرىپ بولغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ قورال ـ ياراق تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمكارلىقى ئۈچۈن ئىزدىگەن بۇ خۇسۇسىي سانائەتلەرنىڭ ھەممىسىگە خىتايلارنىڭ سىڭىپ كىرىپ بولغانلىقىنى بايقىيالمىغان ئىدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى گوگېل بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمىسى ئىمزالىدى، شۇنداقلا ئالما كومپيۇتېر شىركىتى بىلەنمۇ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. خىتاي ئالىملىرى دائىملا ئامېرىكا ئالىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەيدۇ، ھەتتا ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۈچۈن قورال ـ ياراق ۋە ئۈسكۈنىلەرنى تەتقىق قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئىككى دۆلەت ئالىملىرى ئارىسىدىكى بۇ خىل ھەمكارلىق تۈپەيلىدىن، ئامېرىكا ئارمىيىسى نامىدىكى ھەر قانداق خىزمەت ئەڭ ئاخىرىدا خىتاي ئالىملىرىنىڭ تاماملىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇشى ياكى ئۇنى خىتاي ئالىملىرى بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئورتاقلىشىلىشى مۇمكىن.

باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنتېرنېت تورى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئىقتىسادىي بىخەتەرلىك بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىكى تېخىمۇ زىچ باغلاندى. بىز ئەمدىدىن باشلاپ بولسىمۇ كىرىمنىي جىلغىسىدىكى يۇكسىلىش مودىلىنى دۆلەت بىخەتەرلىكىمىزگە مۇناسىۋەتسىز ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارىۋالماسلىقىمىز لازىم. ھۆكۈمەتتە بۇ ھەقتىكى ئاگاھلاندۇرۇشلاردا بولۇش جەريانىدا، مەن مۇئەييەن كارخانىلىرىمىزنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن ياتلىشىپ كەتكىنىنى، ئىقتىساد بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىكىنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش كۆز قارىشىنىڭ خىتاينى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن بولۇشىغا قوللاش

بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ يەتتىم. مەن يەنە كەسپىي لوبچىلىق ئەترەتلىرىنىڭ بۇ خىلدىكى خەتەرلەرنى ھىمايە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمەن.

يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن بازارلارغا كەلسەك، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ، خىتاي يېڭى ئىلغار قوللىنىشچان پروگراممىلارنى ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ، شۇنداقلا تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان تېخنىكىلارنى سېتىۋېلىشقا قىزىقىۋاتىدۇ. 2015ـ يىلى خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلىرى ئامېرىكا بىلەن 27 تۈرلۈك يېڭى پەيدا بولغان تېخنولوگىيەلىك مەھسۇلاتلار ئۈچۈن توختاملاشتى، ئومۇمىي سودا سوممىسى ئون بىر مىليارد بەش يۈز مىليون دوللار بولدى. بۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى قۇرغان «دۆلەت مۇداپىئەسىدە يېڭىلىق يارىتىش تەجرىبە گۇرۇپپىسى» تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان دوكلات بولۇپ، مەزكۇر دوكلاتتا يەنە «بۇ شۇ يىلدىكى تېخنولوگىيەگە ئائىت سودىنىڭ 16 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ» دېيىلگەن.

F ـ 35 ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كومپيۇتېرلاشقان ئايروپىلان بولۇپ، F ـ 35 نى يەر يۈزىدىن كونترول قىلغىلى بولىدۇ. بىراق، بۇ ئۇرۇش ئايروپىلانى خىتاينىڭ ئامېرىكا تېخنولوگىيىسىگە تۇمشۇقىنى تىقىشىنىڭ زىيانلانغۇچىسىدۇر. F ـ 35 ئايروپىلانىنى ياساشقا ئىشلىتىلگەن بىر قىسىم زاپچاسلارنىڭ بەزىلىرى ئەمەلىيەتتە خىتايدىن كېلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، تەمىنلەش زەنجىرى ناھايىتى چوڭ كىرزىسقا دۇچ كەلدى دېگەن گەپ. شۇنداقلا، بۇ ئايروپىلاننىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىسى بولغان ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەخپىيەتلىكلىرىمۇ تەھدىتكە دۇچ كەلدى دېگەن گەپ. قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ئىستىخبارات بۆلۈمىنىڭ بۇ ھەقتىكى خۇلاسىسى «خىتاي F ـ 35 كە ئالاقىدار بارچە پىلان ـ لايىھەنى ئوغرىلاپ كەتتى» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ خىل ئەھۋالدا سىز ناچار زاپچاسلارنىڭ ئايروپىلاننى كېرەكتىن چىقىرىدىغانلىقىنى، ياكى، تېخىمۇ چاتاق بولغىنى، ئايروپىلان زاپچاسلىرى ئارىسىدا ئايروپىلانى سىرتتىن كونترول قىلىش تېخنولوگىيىسىنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئايروپىلاننىڭ پاچاقلاپ تاشلىنىش مۇمكىنچىلىكىنى پەرەز قىلىسىڭىز بولىدۇ.

گەرچە ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ ئىقتىدارلىق ۋە ئەڭ يۇقىرى چەكتە مەشغۇلات قىلغىلى بولىدىغان يوشۇرۇن بومباردىمانچى ئايروپىلانغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىمىزنىڭ خاككېرلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنمىغان ۋە ئۆزگەرتىلمىگەن ئاساستا بىخەتەر، توغرا، ئىشەنچلىك يەتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بىخەتەر رەقەملىك تورىمىز يوق. گەپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن، بىز چوقۇم 5G تېخنولوگىيىسى ھەققىدە سۆزلىشىمىز كېرەك. بۇ ئەڭ يېڭى ۋە دەۋر ھالقىغان بەشىنچى ئەۋلاد ئالاقە شەكلى ھېسابلىنىدۇ. 5G سۈپىتى G1 ، G2 ياكى G4 تورىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ تور تېخنولوگىيىلىرى بىر ـ بىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ. يۇقىرىقى تور تېخنولوگىيىلىرى تېلېفون تورى بولۇپلا قالماي، يەنە كىشىلەرنى

پەقەت كەلگەن تېلېفون، ئېلېكترونلۇق خەت ۋە قىسقا ئۇچۇر قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇۋېلىش قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز 5G تورىنى يېڭى بىر ئەۋلاد ئىنتېرنېت تورى دەپ تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، 5G ئىنتېرنېت تورى G4 غا سېلىشتۇرغاندا يۈز ھەسسە تېز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، 5G تورىنىڭ تور سۈرئىتىنىڭ ئاستىلاپ قېلىشى ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئۇچۇرنى ئەۋەتكۈچى بىلەن تاپشۇرۇۋالغۇچى ئوتتۇرىسىدا كېچىكىش بولمايدۇ.

5G تورى G4 تورىغا قارىغاندا تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ بىۋاسىتە ۋە تېخىمۇ توغرا بولغان تور سۈپىسىدۇر. 5G تورى ئارقىلىق ئىنسانلار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا، ماشىنا بىلەن ماشىنا ئوتتۇرىسىدا، شۇنداقلا ئىنسانلار بىلەن ماشىنا ئوتتۇرىسىدا ئالاقە قۇرغىلى بولىدۇ. بۇنداق سۈرئەت ۋە ئېنىقلىق 5G تورى ئارقىلىق جەمئىيىتىمىزنى بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان شەكىلدە ئۆزگەرتەلەيدۇ، قانداقلا بولمىسۇن، ھەربىي ئىستراتېگىيەچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن يەنىلا تېخىمۇ يىراقنى نەزەر سېلىپ، 5G تورى ئومۇملاشقاندا قانداق تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىم كېرەك. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ ۋاقىتتا تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ھازىرقىدىن تېخىمۇ تېز بولىدۇ، سەۋەبى شۇكى، ئۇ ۋاقىتتا پروگراما ۋە سېنزوردىن ئېرىشكەن سانلىق مەلۇماتلارنى كومپيۇتېرلارغا ۋە سۈنئىي ئەقىل ماتورلىرىغا كېچىكتۈرۈلمەستىن يەتكۈزگىلى بولىدۇ. يالغۇزلا ئەۋزەللىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، 5G تورى نۇرغۇن تەرەپلەردە زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىيالايدۇ. مەسىلەن، ۋاقتى كەلگەندە دوختۇرلار، ھەتتا كومپيۇتېرلارمۇ يىراقتىن مەشغۇلات قىلالايدۇ؛ نۇرغۇن ماشىنىلار، مەسىلەن تورمۇز تاختىسى ياپقۇچىنى ئالماشتۇرۇش، ئۆيدىكى ئوچاقنى تازىلاش، ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ سۈزگۈچىنى ئالماشتۇرۇش، ئۈستەل چىرىقىنىڭ لامپۇچكىسىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئائىلە ـ ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماشىنا ئۆزى باشقۇرالىشى، ياكى باشقىلار رېمونت قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئىشلەتكۈچىگە ياكى ئۈسكۈنىلەرگە مەسئۇل مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا ماشىنا ئۆزى ئۇقتۇرۇشى مۇمكىن. بەزى خەتەرلىك خىزمەتلەر، يەنى بىخەتەر بولمىغان كان ئېچىش مەشغۇلاتى، چوڭقۇر دېڭىز ئاستىدا بېلىق تۇتۇش، ھەتتا ئېبولا ۋىرۇسى تارقالغان مەزگىلدە تەكشۈرۈش ئۆيىنى دېزىنفېكسىيە قىلىشقا ئوخشاش بەزى خەتەرلىك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى 5G تورى ماشىنا ئادەم ئارقىلىق يىراقتىن كونترول قىلىش ۋاستىسى بىلەن ئىجرا قىلىشى مۇمكىن. گەرچە 5G تورى بۇنچە ياخشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كەلگۈسىدە سىمسىز دۇنيا بەرپا قىلىشى، ھەتتا دېڭىز ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان قىتئەلەر ئارا ئۆپتىك تالا تور لىنىيىسىمۇ ۋاقتى كەلگەندە كۈچلۈك بولغان 5G تورى تەرىپىدىن ئورنى ئېنىقلىنىشى مۇمكىن. ئەمما يېڭى 5G تورى يەنە بىرلا ۋاقىتتا يېڭى ئاجىزلىق، يېڭى بىخەتەرلىك ئەندىشىسى ۋە يېڭى مىللىي مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بۇ خىل يېڭى تىپتىكى مۇداپىئە تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار. كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ئامېرىكا

ئارمىيىسىنىڭ ئۆزى يەنىلا باشقىلارنىڭ قوغدىشى ۋە مۇداپىئە قىلىشىغا موھتاج. ئەگەر مۇداپىئە سىستېمىسىمىزنىڭ ئالاقە قىسمىغا باشقىلار سىڭىپ كىرگەن تەقدىردە، ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىدىمۇ يوچۇق كۆرۈندى دېگەن گەپ.

***

2017 ـ 2 ـ يىلى ماي ئېيىدا ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىدا خىزمەتكە چۈشكىنىمدە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك نىشانىم بار ئىدى. بىرى، دۆلەت بىخەتەرلىك يىغىنىدىكى ئەزالارغا خىتاينىڭ دۇنياغا خوجا ئاكا بولۇشتەك يامان نىيىتىنى بىلدۈرۈش، يەنە بىرى ئامېرىكادىلا ئەمەس، ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىرى ئىچىدىمۇ 5G تورى سىستېمىسىنى بىخەتەرلىككە ئىگە قىلىش. خىتاينىڭ سانلار بويىچە سىڭىپ كىرىش ۋە ئەقلىي مۈلۈك خىزمىتى داۋاملىشىۋاتقىلى نەچچە ئون يىل بولغان بولۇپ، 5G خىزمىتىگە قارىتا ئۇلار ھەرگىز بېپەرۋالىق قىلمايدۇ، ھەتتا بۇ خىزمەتنى ناھايىتى پۇختا ئېلىپ بېرىشى ئېنىق. خىتايدىكى ئەڭ چوڭ تېلېگراف شىركىتى خۇاۋېي ۋە جۇڭشىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن 5G تورى مەسىلىسىدە ھەمكارلىششنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە، بۇ ئەھۋال مېنى چۆچۈتتى ۋە سەگىتتى.

ئەگەر خىتاينىڭ تېلېگراف ساھەسى ھەرقانداق بىر دۆلەتتە قۇرۇلۇپ تەرەققىي قىلسا، ھەم 5G تورىنى قولغا كىرگۈزسە، ئۇنداقتا بۇ خىتاي تېلېگراف شىركىتىنىڭ بۇ تور ۋاسىتىسى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان سانلىق مەلۇماتلارنى، ئۇچۇلارنى ئوغرىلىشىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. مەزكۇر تور سىستېمىسىنى قوللانغان بارلىق ئىلمىي ماقالىلەر، تەتقىقات دوكلاتلىرى، بارلىق قۇرۇلۇش خەرىتىلىرى ۋە سودا پىلانلىرى، بارلىق رەسىملەر، ئېلخەت ۋە قىسقا ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا يەنىلا غەربتىكى دۆلەتلەر ئۆزلىرى بۆرىنى ئۆيىگە باشلاپ كىرگەندەك ئىش بولىدۇ.

خىتايغا باشقا دۆلەتنىڭ تور سېتىمىسىنى تۇتقۇزۇپ قويغاندا، خىتاينىڭ شۇ دۆلەتنىڭ تور سېستىمىسى مەشغۇلاتى ئارقىلىق پەن ـ تېخنىكىنى قوراللاشتۇرۇشىغا قاراپ ئولتۇرىمىز. بۇنى مۇنداق ئويلايلى، ئەگەر بىر كىشىنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولمىسا، كومپيۇتېر سېتىمىسىغا كىرىپ ئاپتوماتىك ماڭىدىغان ماشىنىلارنى كونترول قىلىۋالسا، ماشىنىنى ئادەم كۆپ بولغان تەرەپكە ماڭغۇزۇپ ۋەقە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە باشقىچە قىلىپ ئويلىغاندا، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاننى كونترول قىلىۋېلىپ، باشقا ئايروپىلانلار بىلەن سوقۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر ئۆيدىكى ئوچاقنى كونترول قىلىۋالسا، ئۆيدىكى بارلىق ئوچاقلارنى قەھرىتان قىشتا توختىتىپ قويىدۇ.

5G تېخنولوگىيىسى ۋە ئۇنىڭ كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن بىر كۋادرات ئىنگلىز مىلى ئىچىدە ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق ئابونت بىرلا ۋاقىتتا بۇ تورنى قوللىنالايدۇ. بۇنى 4G بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى چوڭ پەرق بار بولۇپ، 4G دا بىر كۋادرات ئىنگلىز مىلىدا پەقەتلا 10 مىڭ كىشى بىرلا ۋاقىتتا تور ئىشلىتەلەيدۇ. بىر مەيدان ئامېرىكاچە زەيتۇن توپ بىرلەشمە مۇسابىقىسى مەيداندا ھەر بىر توپ مەستانىسىنىڭ ھەممىسى تور ئىشلىتەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەتتا ئەتراپتىكى بارلىق ئادەمسىز ماشىنا، ماشىنا ئادەم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تور ئىشلىتەلەيدۇ، ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى ماشىنىلارمۇ بۇ توردىن ھەمبەھىرلىنەلەيدۇ. بۇ خىل 5G خەۋەرلىشىش ئىقتىدارى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. 5G تورىنى نى ماشىنىلار ئۈچۈن لايىھەلەنگەن تور سېستىمىسى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ۋاقتى كەلگەندە تور سېستىمىسىدىكى كۆپ قىسىم ئالاقە كومپيۇتېر بىلەن كومپيۇتېر ئارىسىدا بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ناھايىتى چوڭ سانلىق مەلۇمات بارلىققا كېلىدۇ. ماشىنىغا ئۆگىتىش ۋە سۇنئىي ئەقىل ھېسابلاش ئۇسۇلى كۆپ مىقداردا تور سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئېرىشىدۇ، 5G تېخنىكىسىنى توختىماي ئىلغارلاشتۇرۇپ، غايەت زور ئۈچۈر قايتۇرۇش يولى شەكىللەندۇرگىلى بولىدۇ.

5G تېخنولوگىيىسىنىڭ تۈرمۇشىمىزغا، خىزمىتىمىزگە ۋە جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن كۆپ ھالقىپ كەتتى. ئەگەر بۇ تېخنولوگىيە باشقىلار تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنسا، تەسىر دائىرىسى ئوخشاشلا بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىخەتەرلىك ئەندىشىسى بولغان 5G تورى بىلەن يوللانغان ماتېرىيال بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن سىياسىي سەھنىدىكى تەسىرچانلىققا ئېرىشىش ۋە كونترول قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىشى مۇمكىن. ئەگەر خىتاي 5G تورىنى كونترول قىلىش ئەۋزەللىكىگە ئېرىشۋالسا، بارلىق شەھەر ۋە دۆلەتنى بۇ تېخنىكا بىلەن ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا كونترول قىلىش مەقسىتىگە ئېرىشىدۇ.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىغا ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى مەسئۇل بولىدۇ. دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى رەئىسىنىڭ (پرېزىدېنتنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسىنىڭ) ئىشخانىسى ئاقساراينىڭ غەربى تەرىپىدە. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى دۆلەت بىخەتەرلىك يىغىنى ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلدارلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاقساراينىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان ئېزىنخاۋىر مەمۇرىي خىزمەت بىناسىدا ئىش بېجىرمەيدۇ (بۇرۇن پرېزىدېنت مەمۇرىي خىزمەت بىناسى دەپ ئاتىلاتتى). سىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭىزدەك، دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىدا مۇتەخەسسىسلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوتتۇرا شەرقنى، بەزىلىرى رۇسىيەنى، يەنە بەزىلىرى ياۋروپانى، بەزىلىرى بولسا يادرو قورالىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ساھەسىنى ئەڭ مۇھىم دەپ قارايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن مەنمۇ

مۇستەسنا ئەمەس. ئەگەر دۆلەت بىخەتەرلىك يىغىنى نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم كىرىزىسقا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك بولسا، ئۇنداقتا ئامېرىكا ئۈچۈن نۆۋەتتىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت بىخەتەرلىك تەھدىتى دائىش ئەمەس، ياكى ئىسلام ئاشقۇنلىرى ئەمەس، ۋەياكى روسىيە پرېزىدېنتى پۇتىنمۇ ئەمەس، بەلكى خىتاي. خىتاينىڭ يەر شارىدىكى 5G تورىنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلىنىشلىشى خەتەرنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. شۇڭا مەن ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ بۇنى تونۇپ يېتىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشتىم.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ ئىچكى مىخانىمىزى سەۋەبلىك، مەن ئۆزۈمنىڭ خىتاي ئىستىراتېگىيىسىگە بولغان چۈشەنچەمنى دۆلەت بىخەتەرلىك يىغىنىنىڭ مەركىزى مەسىلىسىگە ئايلاندۇرالمىدىم. ئاقىۋەتتە مەن ۋاستىلىك يول بىلەن خىتاينىڭ ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكىگە ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىتىگە دىققەت تارتىشقا ئۇرۇندۇم. «ئۇرۇشسىز غەلىبە قىلىش» نامىدىكى لېكسىيىلەرنى تەشكىللەپ، دۆلەت بىخەتەرلىك يىغىنى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇنىڭغا تەكلىپ قىلدىم. بۇ جەرياندا مەن ئىقتىسادىي ئۇرۇش، سىياسىي ئۇرۇش، ئۇچۇر ئۇرۇشى ۋە بىر پاي ئوق ئاتماي تۇرۇپ دۈشمەننى يەر چىشلىتىدىغان قانۇنىي ئۇرۇش (يەنى، بۇ خىل ئۇرۇشقا قانۇنسىزلىق قالپىقى كەيگۈزۈش تەس، چۈنكى ئۇ تولىمۇ مەخپىي) قاتارلىق ئۇرۇشلار ھەققىدە لېكسىيىچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، لېكسىيە ئورۇنلاشتۇردۇم. ھەر قېتىملىق لېكسىيە قىرىق بەش مىنۇتلۇق ئاساسىي قىسمىدىن، يىگىرمە مىنۇتلۇق سوئال ـ جاۋاب قىسمىدىن ۋە قىرىق بەش مىنۇتلۇق ئەركىن مۇھاكىمە قىسمىدىن تەشكىل تاپتى.

تۇنجى قېتىمدا 2013 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «خىتاينىڭ سانائەت جاسۇسلۇقى»ناملىق كىتابنىڭ يازغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان نوپۇزلۇق خىتايشۇناس جەمىس مۇلۋېنون (James Mulwinnon) ئەپەندىنى لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم. بۇ قېتىملىق لېكسىيە ناھايىتى داغدۇغىلىق بولدى، ھەممە ئورۇن توشۇپ كەتتى. ترامپ ھۆكۈمىتىدىكى خىتاي سىياسىتىگە قىزىقىدىغان ئەمەلدارلار بۇ لېكسىيەگە ئىشتىراك قىلدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندا كۆپچىلىكنىڭ مۇنازىرىلىرى تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. لېكسىيەگە قاتناشقا خىتايىنى كۆزەتكۈچى ئىشتىراكچىلاردىن بىرى ھەربىي ئىستىراتېگىيە مۇتەخەسسىسىدىن بىرىنى «مۇشۇك ئېيىققا قوچاق ئاچقۇچى» (خىتايپەرەس) دەپ ئەيىبلەپ ئۇرۇشۇپ كەتتى، بۇ دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتىدا ئاسان كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئەمەس.

مەن جاڭجالنى بېسىقتۇرۇپ، نورمال كەيپىيات يارىتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ خۇلاسە سۆزى قىلدىم. كۆپچىلىكنىڭ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتىم ۋە ئۆزۈمنىڭ ئىككى خىل پىكرىمنى تۆۋەندىكى شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويدۇم: «ئالدى بىلەن بىز شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەك، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بۇ زالدا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بىزدىن ئالتە مىڭ ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى خىتايدۇر.

ئاندىن، بىز ھەممىمىز مەست قىلىۋېتىلدۇق، خىتاي ھەققىدە ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايدىغان دەرىجىدە مەست بولدۇق. بىز بۇ جەھەتتە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟»

لېكسىيىلەرگە كۆپلەپ ئىشتىراكچى قاتناشتى، ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. 2018 ـ يىلى تۈزۈلگەن دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىستراتېگىيىسى پىلانىنىڭ تۈزۈلىشىدە ، خىتايغا قارىتا سىياسەت بەلگىلىشىمىزدە ۋە 5G تورى ئىستراتېگىيىمىزنى بېكىتىشىمىزدە مۇشۇ خىلدىكى بىر قاتار لېكسىيىلەر ئىجابىي رول ئوينىدى دەپ قارايمەن.

كېيىن مەن 5G تورىنىڭ ئامېرىكادىكى كەلگۈسى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئەسلەتمە تۈزۈشكە باشلىدىم. بۇ ئەسلەتمىدە مەن 5G تورى قۇرۇلۇشىنىڭ سودا ياكى تېخنولوگىيە مەسىلىسى ئەمەس، دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدىم. بۇ ئەسلەتمىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى ئامېرىكانىڭ 5G تورىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىشىنىڭ خىتاينىڭ ئامېرىكادا تەسىرىنى ئاشۇرۇشتا ۋە يامان غەرەزلىك ھەرىكەتلىرىنى توسۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى، 5G تورى بىخەتەرلىكىنى قوغداش دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، بۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ باشلامچىلىق قىلىشى زۆرۈر بولغان بىر خىزمەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ ئەسلەتمىدە يەنە سىمسىز ئالاقە جەھەتتە توپ ساتقۇچى بولۇش پىلانىم تونۇشتۇرۇلغان ئىدى. بۇ جەھەتتىكى پىلانىم ئامېرىكانىڭ ھەربىيتورى قانىلىنى شەخسىي شىركەتلەردىن بىرى بىلەن ئورتاقلىشىپ، مەزكۇر شىركەتنى بىخەتەر 5G تورى قۇرۇشقا ۋە ئۇنى ئاسىراشقا مەسئۇل قىلىش، ئاندىن ئۇنى يەككە سېتىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەرگە تەمىن ئېتىش ئىدى. بۇ ئۇسۇل باشتىن باشلاپ بىخەتەر بولغاچقا، تېخىمۇ كۆچەيتكەندىن كېيىن ئۈچۈر ـ ئالاقە كەسپىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىشتىراك قىلىشى ۋە تور بىلەن تەمىنلىنىشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، شۇنداقلا ئالاقە ئۇل ـ ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇكەممەللىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىتاينىڭ تېلگراف بازىرىدا بىرىنچىلىكنى ئىگىلىۋېلىشىغا خاتىمە بەرگىلى بولىدۇ.

مېنىڭ تەكلىپىمدە، ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىدىغان 5G تورى ئېزىنخاۋېر دەۋرىدىكى دۆلەتلىك يۇقىرى سۈرئەتلىك يول پىلانىغا سېلىشتۇرما قىلىندى. يۇقىرى سۈرئەتلىك يول پىلانىنىڭ مەقسىتى ئامېرىكا ھەربىي قىسمىنىڭ، قورال ـ ياراق ۋە باشقا تۇرلۇك ئۈسكۈنىلەرنىڭ، شۇنداقلا ياردەم بويۇملىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا راۋان يەتكۈزۈلۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىدى. بۇ پىلان كېيىنكى چاغلاردا ئامېرىكا ئۇزۇن يوللۇق توشۇش كەسپىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغانىدى. بىراق، نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنغان بۇ چوڭ قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ مەقسىتى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىنى باش نىشان قىلغان ئىدى. 5G مۇنبىرىمۇ

يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول قۇرۇشقا ئوخشايدۇ، بۇ يەردە پەقەت تېلېگرافنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى قۇرۇلدۇ، خالاس.

مېنىڭ بۇنداق سېلىشتۇرۇما قىلىشىمدا تارىختىن پاكىت كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ پىلان كۆپلىگەن جەھەتلەردىن تولىمۇ رادىكال پىلان دەپ قارالدى. بۇنداق دەپ قارىغۇچىلارنىڭ ئاساسى خەۋەر ـ ئالاقە كەسپىنىڭ ئامېرىكىدا پۈتۈنلەي شەخسىيلەشكەن بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىغا بىر ئەسىردىن ئاشقانلىقى، نەچچە مىليارتلىق بۇ قۇرۇلۇشقا دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشى پۈتۈنلەي ئەركىن سودا پىرىنسىپىغا خىلاپ بولغانلىقتىن، بۇنداق پىلاننىڭ قايىل قىلىش كۈچىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى ئىدى.

دەرۋەقە، بۇ پىلانىم ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دۆلەتلىك مۇھىم كەسپلەرگە قول تىقىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ. ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە كەسپى چوقۇم فېدېراتسىيە ئاۋىئاتسىيە باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە تەلىپىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، چۈنكى بۇ ئىدارە ئامېرىكانىڭ ھاۋا بوشلۇق ھوقۇقىغا مەسئۇل. ئاتوم رېئاكسىيىسى شىركەتلىرىمۇ چوقۇم ئامېرىكا يادرو كۈچى باشقۇرۇش ھەيئىتى تارقاتقان ئىجازەتنامە ۋە تەكشۈرۈشكە ئېرىشىشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا يېمەك ـ ئىچمەك ۋە دورا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭمۇ دورا ماتېرىياللىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدە بازارغا سېلىنىش ياكى سېلىنماسلىقىغا قارار قىلىش ھوقۇقى بار. فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ھەتتا سۈتنىڭ باھاسىغىمۇ ئارىلىشىدۇ. ئاۋىئاتسىيە، يادرو كۈچى، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە دورىگەرلىك سانائىتى قاتارلىق بۇ تۆت ساھە پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئېسىدە قالغانلىرى بويىچىلا بېرىلگەن مىساللار، بۇلاردىن سىرت نۇرغۇن ساھەلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن 5G تورىنىڭ قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىشى ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ، دېيىش ھەقىقەتەن قاملاشمىغان گەپ. چۈنكى بۇ ھۆكۈمەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. مەن ئەركىنلىككە مايىل بىرىنىڭ دەيدىغانلىرىنى دېدىم.

مېنىڭ تەكلىپىم باشقىلار تەرىپىدىن تاراتقۇلارغا ئاشكارلانغان بولۇپ، بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن، بۇ تەكلىپ قاتتىق ھۇجۇملارغا دۇچ كەلدى. ھەتتا ئامېرىكانىڭ چوڭ تېلېگراف شىركەتلىرىدىن بىرى مېنىڭ ئىدارەمدىكىلەرگە مېنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىش ئۈچۈن بېسىم ئىشلەتكەنلىكى قۇلىقىمغا يەتتى.

بۇ خەۋەر دەرۋەقە راست ئىدى. مەن دەل شۇ ھەپتىسى يۇقىرىنىڭ «ۋەزىپىسى ئاخىرلاشتى» دېگەن قارارىنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتىدىن قوغلاندى قىلىنغان ئىدىم.

مېنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك يىغىنىنى ئويغىتىش خىيالىم، ئامېرىكا بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىكى تىرىشچانلىقىم مانا مۇشۇ خىل شەكىلدە يوققا چىقتى. بىر تەرەپتىن دۆلەت بىخەتەرلىكى يىغىنىدىن

ئايرىلىش ئۈنچە چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى. 2018 ـ يىلى پرېزىدېنت ترامپ ئىمزا قويغان دۆلەت بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيىسىگە 5G تورى توغرىسىدىمۇ كۆرسەتمىلەر كىرگۈزۈلگەنلىكىدە مېنىڭ تۆھپەم بار. «بىز دۆلەت مىقياسىدا بىخەتەر 5G تورىنى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ رەقەملىك ئۇل ـ ئەسلىھەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز.» (مانا بۇ 2018 ـ يىلىدىكى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيىسىدە ئورۇن ئالغان 5G تورىغا ئائىت بايانلاردۇر.)

مەن يەنە دۆلەت بىخەتەرلىك كومېتىتىنىڭ خىتاينىڭ مەخپىي ئۇرۇشىغا بولغان ھوشيارلىقىنى ئاشۇرۇشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم، دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ نىشانىم كۆپچىلىككە خىتاينىڭ بىزگە قاراتقان مەخپىي ئۇرۇشىنى چۈشەندۈرۈش ئىدى. چۈنكى، خىتاينىڭ مەخپىي ئۇرۇشىنى چۈشىنىش ياخشى سىياسەت بەلگىلەشنىڭ تۈنجى قەدىمى ھېسابلىناتتى.

يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ھېچكىم ئۆز خىزمىتىدىن مەجبۇرىي يوسۇندا ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. بۇ ھال ئادەمنى تېرىكتۈرىدۇ. ئىشنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق تەرىپى بولسا، دۆلەتكە يىگىرمە نەچچە يىل ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلىگەن مەندەك بىرىنىڭ شىركەت ـ كارخانىلارنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بىخەتەرلىكىنىڭ قۇربان قىلىنىشى بەدىلىگە ئىشتىن بوشىتىلىشى ئىدى. بۇ ئامېرىكادا دائىم ئۇچرايدىغان ئىشلاردىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى، بۇ خىل ئەھۋال چوقۇم ئۆزگەرتىلىشى كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ئىلىم يولۇچىلىرى ئۈچۈن تەۋسىيەلەر

ئىلبەر ئورتايلى

# ئىلىم يولۇچىلىرى ئۈچۈن تەۋسىيەلەر

ئىلبەر ئورتايلى

مۇھەررىردىن ئىلاۋە:

ئىلبەر ئورتايلى زامانىمىزدا ھايات ياشاۋاتقان ئەڭ مەشھۇر تۈرك تارىخچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ تارىخچىلىق ساھەسىدە كۆپلەپ ئەسەر يازغان ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن ئاكادېمىك ئالىمدۇر. ئىلبەر ئورتايلىنىڭ رۇسچە، فرانسۇزچە، گېرمانچە، لاتىنچە، ئىنگلىزچە، پارسچە قاتارلىق ئالتە-يەتتە چەتئەل تىلىدا بىمالال ئوقۇش، سۆزلەش ۋە يېزىش ئىقتىدارى بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر جەھەتتىن ئىلىمگە، دۇنيانى چۈشىنىشكە بولغان يۈكسەك تىرىشچانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئىلبەر ئورتايلىنىڭ يۇقىرىقى ياۋروپا تىللىرىنى، ئۇلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى پۇختا بىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز مىللىتىگە بولغان ساداقىتى ۋە كۆيۈنۈشى ئۇنى تۈركىيەدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەر بىر ئىنساننىڭ ھۆرمىتىگە ۋە قايىللىقىغا ئېرىشتۈرگەن سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. ئىلبەر ئورتايلى تۈركىيەدىكى ھەر قايسى ئېقىمدىكى سىياسەتچىلەر ئەيمىنىدىغان، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئىلىم ئادەملىرى سۆزىگە ۋە ئەسەرلىرىگە قۇلاق سالىدىغان شەخس بولۇپ، تۈرك مىللىتى ئىلبەر ئورتايلىدىن بەكمۇ پەخىرلىنىدۇ. ئىلبەر ئورتايلىنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قانىغان يارىسىغا كىچىككىنە بولسىمۇ شىپا بېرىشتە، تۈرك مىللىتىنىڭ ھەقنى تونۇپ يېتىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كېسىپ ئېيتىش لازىمكى، بۇ خىلدىكى كەڭ دائىرىلىك بىلىم ھاسىل قىلغان ئاكادېمىك زىيالىيلار بىر مىللەت ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىقتۇر. ئىلبەر ئورتايلىغا ئوخشاش ئىلىم ساھەسىدە نوپۇز تىكلىگەن ئالىملارنىڭ ئۆز دۆلىتى، دۇنيا، ھايات ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى پىكىر-كۆز قاراشلىرى بىلەن تونۇشۇش كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ؛ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش مىللىتىمىزنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشىدە ئىجابىي رول ئوينايدۇ. بىز جاھاندا نېمە ئىشلار بولغان ۋە بولىۋاتىدۇ، باشقا مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدۇ ۋە نېمىلەرنى ئارزۇلاۋاتىدۇ، باشقا مىللەتلەر ئۆزىنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلغان ۋە قىلىۋاتىدۇ، دېگەنلەردىن يىراق تۇرۇپ ئۆز ھالىمىز — شەخسىي خىزمىتىمىز، شەخسىي مەنپەئەتىمىز ۋە ئۆز جېنىمىز — بىلەنلا بولۇپ ياشاۋەرسەك، بالىياتقۇ ئىچىدىكى ھامىلىدەك تاشقى دۇنيانى بىلمەي، چۈشەنمەي، نەتىجىدە مەيلى كىشىلىك تۇرمۇشىمىزغا، مەيلى مىللىي مەنپەئەتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا توغرا قارارلارنى چىقىرالماي، دانا پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويالماي پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ، تېگىرقاپ ياشىشىمىز داۋاملىشىۋېرىدۇ.

ئىلبەر ئورتايلىنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرى ئىلىم-مەرىپەتكە ئىشتىياق باغلىغان ھەر بىر شەخس ئۈچۈن بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. «مىللەت يوقىلىش گىرداۋىدا تۇرسا، ئۇنىڭ بۇنىڭ پىكىر تەشەببۇسلىرىنى تەرجىمە قىلىپ قويۇش گالۋاڭلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ ئويلايدىغان كىشىلەر بىزدە يوق ئەمەس. ژۇرنىلىمىزغا بېسىلىۋاتقان «ئۇنىڭ، بۇنىڭ تەشەببۇسلىرى» دەل يوقىلىش ھاڭلىرىغا ئېسىلىپ قالغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇدىيەت تۆپىلىكلىرىگە يامىشالىشىدىكى يول خەرىتىسىدۇر. مەۋجۇدلۇقنى ساقلاپ قېلىش ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا ئۇنىڭ-بۇنىڭغا دات ئېيتىش، ئۇ يەر-بۇيەرگە يالۋۇرۇش بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قالماقچى بولغان ھەر قانداق مىللەت ياكى ھەر قانداق شەخس ئۆزى ياشاۋاتقان زامان-ماكاننى ئەڭ توغرا رەۋىشتە چۈشىنىشكە، ئۆزى، قەۋمى، مىللىتى ۋە دۈشمىنى ھەققىدە توغرا ۋە چوڭقۇر بىلىم-چۈشەنچىگە ئېرىشەلىشى شەرت. جۈملىدىن، ئۇيغۇر مىللىتى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىلىم-پەن جەھەتتە كۈچىيىشكە موھتاج. مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئاساسى مىللەتتە بولۇشى كېرەك بولغان، ئەمما بولمايۋاتقان پىكىر، چۈشەنچە، ماقالە-ئەسەر...لەرنى بار قىلىشتىن ئىبارەت. ئۆزىنى، دۇنيانى ۋە دۈشمىنىنى ياخشى تونۇش قۇربىتىگە ئېرىشەلمىگەن ھەر قانداق شەخس، ھەر قانداق مىللەت ئاقىۋەتتە مەۋجۇتلۇقنى يوقىتىشقا، مەۋجۇتلۇقى بار بولىدى دېگەندىمۇ ئاجىز، قۇل مىللەتلەرنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشقا مەھكۇمدۇر. كېسەلنىڭ دورا بىلەن دوختۇرغا ئېھتىياجى بولغىنىدەك، مەۋجۇتلۇقى تەھدىتكە ئۇچرىغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كۈچلۈك مىللەت ۋە كۈچلۈك شەخسلەرنىڭ بىلىم-تەجرىبىلىرىگە ئېھتىياجى بار. كۈچلۈك شەخسلەرنىڭ، كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ قانداق كۈچلۈك بولغىنىنى بىلمىسەك، كۈچلۈكلەرنىڭ نېمىنى مۇھىم بىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپمىساق، مەۋجۇتلۇقۇڭنى قايسى ئۆرنەككە تايىنىپ ساقلاپ قالىسەن؟

ئەلۋەتتە، چەتئەل ئالىملىرىنىڭ بىرەر پارچە ماقالە-ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ قويۇش بىلەن مىللەتنىڭ ھەممە مۈشكۈلاتى ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. ئېغىر كېسەل بىر كۈندىلا ساقايمىغاندەك، ئېغىر بالايى-ئاپەتكە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىمۇ بىر نەچچە كۈن ياكى بىر نەچچە يىلدىلا قەددىنى رۇسلىۋالالمايدۇ. ئەمما، بىز ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان تۇرساق، ئۇرۇق-تۇغقان، قەۋم-قېرىنداشلىرىمىز قاراڭغۇ زىندانلارغا مەھكۇم بولۇپ، گۈزەل يۇرتىمىز قاغا-قۇزغۇنلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا ئۇچرىغان تۇرسا دەپ قاراپ ئولتۇرساق، ياكى نوقۇل ھالدىكى دەرت ئېيتىش، يىغلاش، ياردەم تەلەپ قىلىش بىلەنلا بولۇپ، ھەممە ئۈمىدنى سىرتتىن كۈتسەك، ئۇ ھالدا بىزنىڭ تېخىمۇ بەك ئېغىر خىرىسقا دۇچ كېلىشىمىز شەكسىز. بىز بىلىشكە تېگىشلىك بىلىم-چۈشەنچىلەردىن ئامال بار بالدۇر خەۋەر تېپىپ، ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈشكە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئاتلانمىساق، ھېچبىر دانا پىكىر، دانا تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمايمىز، شۇنداقلا مەيلى شەخسىي يۈكسىلىش، مەيلى مىللىي يۈكسىلىش جەھەتتە ھېچقانداق ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلالمايمىز.

شۇ سەۋەبلىك، بىز باشقا مىللەتنىڭ كۈچلۈكلىرىنىڭ بىلىم-تەجرىبىلىرىگە، كۈچلۈكلەر قانداق كۈچلۈك بولىدى بىلىشكە ئېھتىياجلىقمىز. زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنى نوقۇل ھالدىكى «سىياسىي ياردەملەر»گىلا باغلىۋالساق، «سىياسىي ياردەمچىلەر»مۇ ھالى خاراپ، دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزىنى تونۇش ئىقتىدار ئاجىز بىر توپلۇمغا «مەبلەغ سېلىش»نى خالىمايدۇ. بۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرىنى يىللاردىن

بىرى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. مەبلەغ سالدى دېگەندىمۇ، ئاجىز مىللەتلەرگە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ھەر قاچان ئاجىز مىللەتلەرنىڭ بويىنىغا مىنىۋالغانلىقىمۇ تارىختا ۋە كۈنىمىزدە قۇياشتەك ئايدىڭ. بىز باشقىلارنىڭ بىزگە مەبلەغ سېلىشىدىن بەكرەك، ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە مەبلەغ سېلىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ئۆزىگە مەبلەغ سېلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى ئىلىم-مەرىپەتكە مەبلەغ سېلىش، يەنى ئىلىم-مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈشتۇر. ئىلىم-مەرىپەتكە مەبلەغ سالغان ۋە بۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان ھەر قانداق شەخس، ھەر قانداق مىللەت، ھەر قانداق دۆلەت كۈچەيمەي قالمايدۇ. بىز يىللاپ ئۇلتۇرۇپ يېزىلغان ئەسەرلەرگە بەش سوملۇق شاپتۇلچىلىكمۇ ئەھمىيەت بەرمەسلىكنىڭ؛ ئۆز قورسىقىمىز، ئۆز ئائىلىمىز ۋە ئۆز چۈنتىكىمىز بىلەنلا قېلىپ، بۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەر قانچە مۇھىم ئىشلارغىمۇ ئېرەنشىمەسلىكنىڭ زىيىنىنى ئەسىرلەردىن بېرى تارتىپ كېلىۋاتىمىز. «كىتاب ئوقۇغانغا قورساق تويامتى» دېگەن جاھالەت سەپسەتىسى ھازىرمۇ مىللىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن. شوئارۋازلىق، يىغىنبازلىق ۋە قۇرۇق گەپ سېتىش بىلەن مىللەتنى قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ. بىز بىلىم-مەرىپەتتىن، كۈچلۈكلەرنىڭ بىلىم-تەجرىبە ۋە تەۋسىيەلىرىدىن قانچە قاچقانسېرى، بەخت-سائادەت بىزدىن شۇنچە قاچىدۇ. ئۆزىمىز، يەرشارىمىز، دۈشمىنىمىز ۋە دىنىمىزدىن قانچە بىخۇد-يۈرگەنسېرى، دۇنيانى تەتقىق قىلىپ، دوست ۋە دۈشمەننىڭ ئاجىز-كۈچلۈك نۇقتىلىرىنى بەش قولنى بىلگەندەك بىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ قولىدىكى پىچكىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن، ھەدېسىلا باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈشتىن، ھاجىتىدىن چىقىپ بولۇپ چۆرۈپ تاشلىۋېتىلىشتىن باشقىغا يارىمايمىز. ئۆزىمىزنى، دۇنيانى ۋە دۈشمەننى تونۇشتىكى ئەڭ مۇھىم قورال بولغان گېزىت-ژۇرنال، كىتاب-ماقالىلەرنى مەنىستمەيدىغان، ھەتتا دۈشمەنلىك نەزىرى قارايدىغان قېرىنداشلىرىمىزنى شېرىن ئۇيقىدىن ئويغىنىپ، ئۆزىنى ۋە دۇنيانى ئوبدان كۆزىتىشكە؛ باشقىلارغا تەلمۈرۈش ئارقىلىق قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، گۈللىنىش يولىغا ماڭغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئىلىم-ئېرپان يولىدا ئىلگىرىلەشنىڭ ھېچبىر «بۆيۈك» ئىشلارغا توسالغۇ بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىشكە؛ ئەكسىچە ئىلىم-ئېرپانلىق خەلقلەرنىڭلا بەخت ئىلكىدە شادىمانلارچە كۈلۈپ ياشاۋاتقانلىقىغا نەزەر سېلىپ، ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىمىز.

ژۇرنىلىمىزدا نەشر قىلىنىۋاتقان بۇ ۋە باشقا ماقالە-ئەسەرلەرنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى دەل كۈچلۈكلەرنىڭ بىلىم-تەجرىبىلىرىنى خەلقىمىزگە سۇنۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ «تىرىلىشى» ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر. كىتاب-ژۇرناللار تارىختىمۇ، كۈنىمىزدىمۇ ئىلىم-مەرىپەتنىڭ بۆشۈكىدۇر. كىتاب-ژۇرناللىرى بولماستىنلا گۈللىنىپ كەتكەن بىرمۇ مىللەت يوق. شۇڭا، بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىز، بەخت-سائادىتىمىزى ۋە گۈللىنىشىمىزگە ئائىت قانداق پىكىر-چۈشەنچە، ماقالە-ئەسەر بولسا، ئۇنى تەرجىمە قىلىش، بېسىش، نەشر قىلىش ئارقىلىق مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر.

كۈچلۈكلەر مەيلى تۈركتىن، مەيلى ياپوندىن، مەيلى گېرماندىن، ھەتتا خىتايدىن چىقسۇن، بىز ئۇلارنىڭ بىلىم-تەجرىبىلىرىگە قۇلاق سېلىشقا، توغرا كۆرسەتمىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە مەجبۇرمىز.

ئىلبەر ئورتايلىنىڭ تۈرك مۇخبىرى بىلەن قىلغان سۆھبىتى كىتاب ھالىتىدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، ماقالە شۇ كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى. ماقالىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىڭ بېشىغا كىچىك تېمىلارنى

قويۇش ئارقىلىق ئۇقۇرمەنلىرىمىزگە قولايلىق بولۇشى ۋە مەزمۇنىنىڭ تېخىمۇ ياخشى يورۇتۇپ بېرىلىشى كۆزلەندى.

قېنى ئەمىسە، پېشقەدەم ئاكادېمىك ئىلبەر ئورتايلى ئىلىم يولۇچىلىرىغا قانداق تەشەببۇسلاردا بولىدۇ، قۇلاق سېلىپ باقايلى.

— ھېكمەتيار ئىبراھىم

## ھاياتنىڭ تۆت دەۋر

ئىنساننىڭ ھاياتى ئومۇمىي جەھەتتىن تۆتكە بۆلىنىدۇ. ئۇلار ئون ئىككى ياشتىن يىگىرمە بەش ياشقىچە بولغان دەۋر، يىگىرمە بەش ياشتىن قىرىق ياشقىچە بولغان دەۋر، قىرىق ياشتىن ئەللىك بەش ياشقىچە بولغان دەۋر ۋە ئەللىك بەش ياشتىن كېيىنكى دەۋردۇر. مەن بىر زامانلاردىن بېرى ئەللىك بەش ياشتىن كېيىنكى دەۋرىمدە ياشاۋاتىمەن. يۇقىرى تەقسىملەشلىرىم ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ياكى قېرىلىقنىڭ چەك ـ چېگرىلىرى ئەمەس. ھالبۇكى، يۇقىرىقىسى بىر ئىنساننىڭ چوڭ بولۇشى، پىشىپ يېتىلىشى، مېۋە بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەقسىملەش ھېسابلىنىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا ھاياتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىن ئاخىرقى دەۋرىگىچە بولغان بۆلەكلەرگە نەزەر سېلىپ چىقايلى.

### ئون ئىككى ياشتىن يىگىرمە بەش ياشقىچە بولغان دەۋر

ئىنساننىڭ ئون ئىككى ياشتىن يىگىرمە بەش ياشقىچە بولغان مەزگىلى ھاياتنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش مەزگىلىدۇر. ھاياتىڭىزنى ئومۇمەن مۇشۇ مەزگىلدە قۇرۇپ چىقىسىز. يىگىرمە بەش ياشتىن قىرىق ياشقىچە بولغان دەۋرىڭىزدە ھاياتقا قوشۇلىسىز، يېڭى بايان قىلىشقا باشلايسىز. قىرىق ياشتىن ئەللىك بەش ياشقىچە بولغان مەزگىل پىشقان، ئۆز ساھەيىڭىزدە باشلامچى بولىدىغان دەۋرىڭىزدۇر. ئەللىك بەش ياشتىن كېيىنكى دەۋرىڭىز ئارام ئېلىش دەۋرىدۇر. ئەللىك بەش ياشتىن كېيىن ۋاي دېگۈدەك ئىش قىلالمايسىز، ئوتتۇرىغا يېڭىلىق ئېلىپ چىقالمايسىز. بۇ چاغدا ئومۇمەن ئىلگىرىكى مەزگىللىرىڭىزدە ئېرىشكەن ۋە ئوتتۇرىغا قويغانلىرىڭىزنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ، ئۇنى تەكرارلايسىز. ئەللىك بەش ياشتىن كېيىنكى ھاياتنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلار ئىچىدە يېڭى ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلار كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. ھەر بىرىمىز مانا مۇشۇ تۆت دەۋرنى باشتىن كەچۈرىمىز. ھاياتىمىز مۇشۇ تۆت دەۋردە قىلغان ئىشلىرىمىزدىن شەكىللىنىدۇ.

ئىنسان ھاياتىنىڭ ئون ئىككى ياشتىن يىگىرمە بەش ياشقىچە بولغان دەۋرى ئەسلىدە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ جان تومۇرىدۇر. بۇنى ئەلۋەتتە تارىخنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن ئاساستا سۆزلەۋاتىمەن. بۇ ھەقتە ئېيتىدىغانلىرىم ئىرادىلىك، ئەقلىنى توغرا شەكىلدە ئىشلىتىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن كۈنىمىزدىمۇ ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

ئون ئىككى ياش بىلەن يىگىرمە بەش ياش ئارىسىدىكى بۇ مەزگىل كىشىلىك تەرەققىياتىنىڭ يادروسىدۇر. بۇ ۋەجىدىن زېھىن، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى ۋە جىسمانىي ساغلاملىق ئەڭ ياخشى بولغان بۇ دەۋردە ھەم ئوقۇپ، ئۆگىنىش، ھەم تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ھەم پۇرسەتلەرنى كۈتۈش ۋە جەمئىيەتنى كۆزىتىش لازىم. يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى مۇشۇ ياشلاردا ئەڭ ياخشى شەكىلدە قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ياش چوڭايغانسېرى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى چېكىنىدۇ. ياش چوڭايغاندا ئۆگەنگەن نەرسىلىرىڭىز يۇقىرىقى ياشلاردا ئۆگەنگەنلىرىڭىزگە قارىغاندا تېز ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. يىگىرمە بەش ياشتىن كېيىن كىشىنىڭ جىسمانىي ھەرىكەت ئىقتىدارى ئۆزى پەرق قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئاستا ـ ئاستا چېكىنىشكە باشلايدۇ. كىشى يىگىرمە بەش ياشتىن كېيىن ئومۇمەن ئۆيلىنىش، بالىلىق بولۇشى قاتارلىق يېڭى ھاياتقا يۈزلىنىدۇ. دېمەك، ئىنسان ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆمرىنىڭ قايسى دەۋرىدە نېمە ئىشلارنى قىلىشنى ناھايىتى ياخشى بىلىشى لازىم.

ئالدى بىلەن، ئۆتمۈشكە بىر نەزەر سالايلى. شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت ساھەسىدە كۆپلىگەن شەخسلەرنىڭ ئون ئىككى يېشىدىن يىگىرمە بەش يېشىغىچە بولغان دەۋرى مۇھىم ھاسىلاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن ئۆتكەن. كلاسسىك دۇنيانىڭ بارچە سەركىلىرى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ نۇرلۇق چىراقلىرى، ياۋروپا مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى مەشھۇر شەخسلەر ئون ئىككى ياش بىلەن يىگىرمە بەش ياش ئارىسىدا ئۆزىنى يېتىلدۈرۈپ بولغان. ھەتتا، دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەرنىڭ بىر تۈركۈمى مۇشۇ ياشلىرىدا بۈيۈك ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان ئىدى. نېمىشقا شۇنداق؟ چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ھېچكىم يىگىرمە بەش ياشتىن ئاشقان كىشىنى بېقىشقا مەجبۇر بولمايتتى. ئۇ زامانلاردا (ھازىرقىدەك) «يەنە ئازىراق ئوقۇپ باقاي، نېمە ئىشلارنى قىلالايمەن يەنە بىر ئاز ئۆزۈمنى دەڭ سېلىپ كۆرەي» دېيىشى مۇمكىن بولمايتتى.

ئەسلىدە، يىگىرمە بەش ياشتىن ئاشقان ياش ئۈچۈن بۇنداق قىلىش ھازىرمۇ ئانچە مۇمكىن بولمايدۇ. ھەر ئىنساننىڭ قىلىشى كېرەك بولغان ئىشلار بولىدۇ. ئۆز ئىقتىدارىڭنى كۆرسىتىسەن، ئۆزۈڭ شۇغۇللانغان كەسپىڭدىكى ماھارىتىڭ قانچىلىك، ئىسپاتلايسەن، ئەسەر ئوتتۇرىغا قويىسەن ... بۇنى قىلالمىساڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئىقتىدارىنى ئىسپاتلىيالمايسەن، ئۈن ـ تىنسىز ياشاپ، مېۋىسىز ھالەتتە دۇنيادىن كېتىسەن.

ئون بەش ياش بىلەن يىگىرمە بەش ياش ئارىسىدا ئۆزىنى ئىسپاتلىغان بۈيۈكلەرگە بىر نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى. مەسىلەن، گوتفرىد لېيبنىز (Gottfried Leibniz) ئون توققۇز يېشىدا دوكتورلۇق

ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. لېيبنىز قانۇن تارىخى ئوقۇغان قانۇنشۇناس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماتېماتىكتۇر. ئۇ ياراتقان پەلسەپە سىستېمىسىمۇ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە. مەشھۇر سەنئەتكار موزارت ئوتتۇز بەش يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر سەنئەتكار شۇبېرتمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ ياشلاردا ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇ ئۆلگەندە ئوتتۇزدىن ئەمدىلا ھالقىغان ئىدى. رۇس يازغۇچىلىرىغا كەلسەك، مەشھۇر رۇس شائىرى پۇشكىن دۇئېلدا پاجىئەلىك شەكىلدە ئۆلگىنىدە قىرىق ياشقىمۇ كىرمىگەن، ئوتتۇز سەككىز يېشىدا ئۆلگەن ئىدى. ئوخشاشلا، داڭدار رۇس يازغۇچىلىرىدىن لېرمونتوف (Lermontov) يىگىرمە يەتتە ياشتا دۇئېلدا ئۆلگەن. بۇ ياشتا ئۆلگەنلەردىن نۇرغۇن داڭدارلارنى ساناش مۇمكىن.

بەزى مەشھۇرلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىجادىيەتلىرىنى بەكمۇ ياش چېغىدا ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقى بىلىنسۇن دەپ ئالاھىتەن ياش تۇرۇپلا ۋاپات تاپقانلارنى ساناپ ئۆتتۇم. بۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق ئىزدەنگىنىڭىزدە، ئۇلارنىڭ يىگىرمە بەش ياشقا توشماي تۇرۇپلا ئۆزىنى يېتىشتۈرۈپ بولغانلىقىنى بايقايسىز. يۇقىرىقىلاردىن ئۇزۇن ياشىغان مەشھۇرلار ئۆزىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قىرىق ياشلىرىغىچە تىرماشقان دەپ ئويلاپ قالمىغايسىز. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن داڭلىقلارمۇ ئۆزىنى يېتىشتۈرۈشنى ھاياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا تاماملاپ بولغان. ئوقۇشقا تېگىشلىك ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. يىگىرمە، يىگىرمە بەش ياشلىرىدىن باشلاپلا ئەسەر ئىجاد قىلىشنى باشلاپ بولغان.

مەن بۇرۇندىن تارتىپ كىمنىڭ قانچە يېشىدا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىغا دىققەت قىلىمەن. يەنە بىر مىسال بېرەي، فرانسۇز مىسىرشۇناس ژان فرانچويس چەمپولىيون مەشھۇر ئالىمدۇر. تېخى بالا ۋاقتىدا، ئون ئالتە يېشىدىلا ئىلىمدە ئۆزىنى يېتىشتۈرۈپ بولغان. ئوتتۇز يېشىدا قەدىمكى مىسىرنىڭ رەسىملىك يېزىقىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بولغان. قىرىق ئىككى يېشىدا ۋاپات بولغان. يەنى، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشىمۇ ئوخشاشلا مىسىر رەسىملىك يېزىقىدىكى بىلىنمىگەن مەنالارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش بولغان. ئۇ ئارامى، يۇنان ۋە ئىبرانىي تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن.

چەمپولىيوننى تىلغا ئالغاندا، كىشىنىڭ ئەقلىگە شۇ ھامان يەنە بىر مەشھۇر شەخس كېلىدۇ. فرانسۇز يازغۇچىسى ۋە تارىخچىسى پغوسپېغ مېغىمىمۇ چەمپولىيونغا ئوخشىشىدۇ. بۇ شەخس ئون بەش ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرىلا ئىنگلىزچە، لاتىنچە ۋە يۇنانچە ئۆگەنگەن. ئۇ مۇشۇ تىللار ئارىسىدا تەرجىمىچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. بۇنىڭدىن سىرت سلاۋ ۋە كېلت تىللىرىنىمۇ ئىگەللىگەن. يىگىرمە بەش ياشقا كىرمەستىلا تارىخ ۋە قانۇن كەسپىدە ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ يېتىشكەن، يىگىرمە بەشكە كىرمەستە يەنە رومانلارنىمۇ يازغان. كېيىنكى چاغلاردا پغوسپېغ فرانسىيەنىڭ بۈيۈكى، فىلولوگىيە سەركىسى، تارىخچىسى، ئارخېئولوگى ۋە يازغۇچىسى سۈپىتىدە ئەسلەندى.

(ئىسلامنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن ئىمام شافىي، ئىمام نەۋەۋى قاتارلىق گېگانىت مۇھەددىس ۋە فەقىھلەرمۇ يىگىرمە يېشىغا بارماي تۈرۈپ شەرئىي ئىلىملەردە ۋايىغا يەتكەن. يىگىرمە ياشقا توشماي تۈرۈپلا دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرى تەرىپىدىن ئالىم دەپ ئېتىراپ قىلىنغان، شاگىرت تەربىيىلىگەن ۋە ئەسەرلەر يازغان. ھەر ئىككى ئالىم قىرىق يېشىدىن ئاشقاندا — ياش تۈرۈپلا — ۋاپات تاپقان. ھەدىس ياكى فىقھتىن سۆز بولۇنسا بۇ ئىككى ئىمامنىڭ تىلغا ئېلىنماي قېلىشى، ياكى ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنماي قېلىشى ئومۇمەن مۇمكىنسىز. ياش تۈرۈپ ۋاپات بولغان ئىككى ئۆلىمانىڭ ئىسلامغا قوشقان تۆھپىسى ۋە ئىسلام دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى مىسلىسىزدۇر. ـ تەرجىماندىن)

يۈقىرىقىدەك ئىنسانلار ياشاپ ئۆتكەن دۇنياغا نەزەر سالغىنىمىزدا، تولىمۇ ئەپسۇسكى، كۆنىمىزدىكى ئىنسانلارنىڭ بوشاڭ چىقىپ قالغىنىنى كۆرىمىز. ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان مىللەتلەردىنمۇ — بۇلار گېرمانلاردۇر — يۇقىرىقىدەك كىشىلەر ئاز چىقىۋاتىدۇ.

## مائارىپىمىز كېرەككە كەلمەيۋاتىدۇ

نۆۋەتتىكى ئۆزۈندىن ئۆزۈن داۋاملىشىدىغان مائارىپىمىز كېرەككە كەلمەيۋاتىدۇ. بىز ئۆز مائارىپىمىزدىن قارىسىغا ئېپتىخارلىنىپ قويىمىز تېخى. بەزىلەر «ئەمدىلىكتە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئارىستوتېلنىڭ بىلگەنلىرىنى بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. ئۇنداق ئەمەس. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىمىز ئارىستوتېلنىڭ بىلگىنىنىڭ مىڭدە بىرىنىمۇ بىلمەيدۇ، شۇنداقلا ئارىستوتېلنىڭ قىلغانلىرىنىمۇ قىلالمايدۇ. كۆنىمىزدىكى مائارىپ ئىنسانلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ.

بۈگۈن ئون ئالتە ياشتىكى بىر ئىنسان تۈركىيەدىمۇ، دۇنيادىمۇ بالىدۇر، نادانىدۇر. بۇ ياشتىكى بالىلار بىر ئىش قىلىش مەجبۇرىيىتىدە قالسا، قىلغان ئىشىدا ئۇتۇق قازىنالمايدۇ. بۇ ياشتا ئۆز يولىنى ئۆزى تاللاپ ماڭالايدىغان بالىلار يوق. دېمەك، كۆنىمىزدە بۇ ياشتىكىلەر ئارىسىدا گوتفرىد لېيبىنزدەك بىرى يوق.

شۇنى ئۇنۇتماڭ، ئىستانبۇل يېڭى كاپىدىن قېزىلغان ئىسكىلىتلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى ئوتتۇز بەش ياش ئىدى. بۇلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى بەش ـ ئالتىنچى ئەسىرلەردىكى دېڭىز پورتى بويىدا ياشىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئىسكىلىتلىرى ئېچىلغاندا، ھەممىسىنىڭ سۆڭەكلىرىنىڭ دەز كەتكەن، سۇنغان ھالەتتە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ سەۋەبلىك داۋالانغان. دېڭىز پورتى بويىدا ياشىغان بۇ كىشىلەرنىڭ سۆڭەكلىرىنىڭ سۇنغان ۋە دەز كەتكەن ھالەتتە بولۇشىدىن، بۇ كىشىلەرنىڭ پورتتا ھامماللىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى بىلىنىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە زەيىكەش، ناچار ئۆيلەردە ئولتۇرغان بولۇش ئېھتىمالىمۇ مەۋجۇت. ئاقىۋەتتە، داۋالىنىشقا مەجبۇر

بولغان. 2500 يىل بۇرۇن ياشىغان ئىنسانلاردىن سۆز ئاچقىنىمغا ھەيران قالماڭ. ئۇ دەۋرنىڭ سۆڭەك، بوغۇم تىبابىتى كۈنىمىزدىكىدىن ئۈستۈن ئىدى. بىراق، ئۇ زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىمۇ مۇشۇ ياشلارغىچە داۋاملىشاتتى. پەقەت بۇ ھامىلارنىڭلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ، شۇ زاماننىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ، مىمارلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى ئوتتۇز بەش ياش ئەتراپىدا ئىدى. يەنى، قەدىمكى دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ ھاياتى ئاخىرلىشىدىغان ياشتا بىزنىڭ ئەۋلاتلىرىمىز تېخىچە بىر نەرسە ئۆگىنىش بىلەن بەنت بولماقتا. ھاياتقا كىرىشەلمەيۋاتماقتا. شۇنىسى ئوچۇقكى، خاتا ۋە ئۈنۈمسىز تەربىيە يولىدا كېتىۋاتىمىز.

ئۆزۈمنىڭ ئون ئىككى ياش بىلەن يىگىرمە بەش ياش ئارىسىدىكى دەۋرىمگە كەلسەك، مەن بۇ دەۋرىمنى ياخشى ئۆتكۈزدۈم. ئەنقەدەردە چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن، مەزكۇر پايتەختتە مەن ئېھتىياجلىق ھەممە نەرسە بار ئىدى. مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلاتتىم، كىتاب ئوقۇيتتۇم. ئەنقەدەردە فرانسۇز، ئىنگلىز، ئىتاليان مەدەنىيەت مەركەزلىرى بار ئىدى. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا چەتئەل تىلى ۋە تارىخ بىلىملىرى ئۈچۈن ئانامنىڭ دەرسلىرىگە قاتنىشاتتىم.[1] چەتئەل تىلى ئۆگىنىش ئىمكانىم كۆپ ئىدى. بۇ ياشلىرىمدا چەتئەل تىلى بىلەنلا بولدى قىلماستىن، ئارخېئولوگىيە كۇرسلىرىغىمۇ قاتناشتىم. ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇدۇم، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ دوكتورلۇق ئوقۇشى بىلەن بولدۇم، بۇ ئارىلىقتا ئاۋستىرىيەدە، يەنە چىكاگودا ئوقۇدۇم. مۇشۇ تەرىقىدە يىگىرمە بەش ياشقا قەدەم باستىم.

### ئىسرائىلىيەدە ئوقۇغان بولاتتىم

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، مېنىڭ 12 ـ 25 ياشلىرىم مول ـ ھوسۇللۇق ئۆتتى. بۇ دەۋرنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈش بەك مۇھىم. چۈنكى، بۇ ئارقىلىق ھەر قايسى جەھەتتىن ئۆزىڭىزنى كۈچلەندۈرىسىز. يىگىرمە بەش ياشتىن كېيىنكى چاغلىرىممۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆتتى. ھاياتىم ئۇنىۋېرسىتېتلاردا داۋام قىلدى. ئەگەر بۈگۈنكى ئەقلىم شۇ چاغدا بولغان بولسا قانداق قىلاتتىم بىلەمسىز؟ ئامېرىكادا ياكى ياۋروپادا ئوقۇيمەن دەپ ۋاقىت ئىسراپ قىلماستىن، ئوتتۇرا شەرقتە، يەنى ئىسرائىلىيەدە ئوقۇغان بولاتتىم. چۈنكى، ئىسرائىلىيەنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرى سۈپەتلىك، ھەمدە شەرق بىلەن غەربنى بىرلىكتە ئۆگىتىدۇ. كۈنىمىزنىڭ ياشلىرىغا ئىسرائىلىيەدە ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھەم غەرب، ھەم شەرق تارىخى تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن ئىسرائىلىيەدە كۆڭۈلدىكىدەك ئۇنىۋېرسىتېتلار مەۋجۇت. ئىسرائىلىيە كۈنىمىزدىمۇ كۆپ خىل مەدەنىيەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن. كونا گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى ئۇ يەردىن تاپالايسىز. ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى مودېللىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئامېرىكانىڭ سىرتىدا يەنىلا ئىسرائىلىيەدىن تاپالايسىز. ئىسرائىلىيە

[1] ئىلبەر ئورتايلىنىڭ ئانىسى شەفىقە ئورتايلى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا رۇس تىلى دەرسى بېرەتتى.

ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ كۇتۇپخانىلىرى ياخشى، ساغلاملىق ئەسلىھەلىرى ۋە تەنھەرىكەت ئەسلىھەلىرى كۆڭۈلدىكىدەك. بۇنىڭدىن سىرت، ئىسرائىلىيەدە سىزنىڭ بىلىم ـ تەتقىقاتىڭىزغا پايدىسى تېگىدىغان كۆپلىگەن پروففېسورلار بار. بۇ پروففېسورلارنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. يەنە تېخى ئىسرائىلىيە ئوتتۇرا شەرقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئىسرائىلىيەدە ئەرەبچە ۋە ئىبرانىيچىنىمۇ ياخشى ئۆگىنەلەيسىز. باشقا تىللارنىمۇ ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى مەۋجۇت، ئەلۋەتتە. مەن ئىسرائىلىيەنى ماڭا ئوخشاش ئىجتىمائىيەت بىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۈچۈن تەۋسىيە قىلىۋاتىمەن. تەبىئىي پەن بىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئەقىل كۆرسىتەلمەيمەن. بىراق، ئىسرائىلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ تەبىئىي پەن بىلىملىرى جەھەتتىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئۇنىۋېرسىتېت تاللاشتا ياخشى ئويلىنىش لازىم. بۇگۈنكى ئەقلىم بولسا باشقا خىل تاللاشلاردا بولىدىغانلىقىمنى ئېيتقان ئىدىم. ئومۇمەن، ھەممە مەسىلە بىزنىڭ تاللاشلىرىمىز بىلەن باغلىنىشچانلىققا ئىگە. تۈركىيەدە ياشايدىغان ئىنسانلار بەزى جەھەتلەردە، بولۇپمۇ مائارىپ جەھەتتە — تولىمۇ ئەپسۇسكى — خاتا تاللاشلاردا بولىۋاتىدۇ. ئوچۇق قىلىپ ئېيتسام، خاتا يۈزلىنىشكە قادىلىۋېلىۋاتىمىز. بۇنداق قىلىشنىڭ كېرىكى يوق. چۈنكى، بۇنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايماندۇر.

مەن ياخشى ئۇستازلارنىڭ قولىدا يېتىشىش ئۈچۈن كۆپ ھەپىلەشتىم. ھېچقاچان ياخشى ئۇستازلار ئىزدەپ ـ سوراپ مېنى تاپقىنى يوق.

## يىگىرمە بەش ياشتىن قىرىق ياشقىچە بولغان دەۋر

يىگىرمە بەش بىلەن قىرىق (25 ـ 40) ياش ئارىسى سېپى ئۆزىدىن ئۆزىنى كۈچەيتىش دەۋرىدۇر. ھاياتىڭىزدا ياشلىقىڭىزنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، يەنى يىگىرمە بەش يېشىڭىزغىچە بولغان مەزگىلدە بەزى ئىشلارنى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق ھالدا قىلالايسىز. چۈنكى، ئۇ دەۋر ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىڭىز يۇقىرى، بەدەن ئېنېرگىيىڭىز كۈچلۈك دەۋردۇر. ياشلىقتا غەيرىتىڭىز ئۇستۇن بولىدۇ. ياشلىقتا ئىشلارنى تېزلا پۈتتۈرىسىز. يىگىرمە بەش يېشىڭىزدا قىلىۋالالمىغان ئىشلىرىڭىزنى، قولغا كەلتۈرۈشكە سەل قارىغان بىلىم، يۈكسىلىشلەرنى يىگىرمە بەش بىلەن قىرىق ياشلار ئارىسىدا قىلالايسىز. بۇ مەزگىل سىز ئۈچۈن ئاخىرقى پۇرسەتتۇر. بۇ يېشىڭىزدا مەيلى نېمە ئۆگىنىڭ، ئۆگىنىش سۈرئىتىڭىز ئون ئىككى ياشتىن يىگىرمە بەش ياشقىچە بولغان مەزگىلىڭىزگە قارىغاندا ئاستىلاپ كەتكەن بولىدۇ. ئەمما، بىر جەھەتتىن يەنىلا ھوزۇرلۇق ھالەتتە ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيسىز. يىگىرمە بەش ياشتىن قىرىق ياشقىچە بولغان مەزگىلدە يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشنىڭ بىر قىيىن تەرىپىمۇ بار. يەنى ئۆگەنگەنلىرىڭىزدىن مەلۇم نەرسىلەر ئېسىڭىزدە قالسىمۇ، بىراق، ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى تېز ئۇنتۇشقا يۈزلىنىسىز. قىرىق ياشتىن كېيىن يېڭى نەرسىلەر ئۆگىنىش بەسىي

مۇشكۇل. تولۇقلىشىڭىز كېرەك بولغان بىلىملەرنى قىرىق يېشىڭىزغا قەدەر تولۇقلىۋېلىشىڭىز كېرەك. بۇ بەكمۇ مۇھىم. بۇ سەۋەبلىك يىگىرمە بەش ياشتىن قىرىق ياشقىچە بولغان مەزگىلدە چوقۇم ساغلام، تەڭپۇڭ ۋە ئىنتىزامچان ھالەتتە ياشىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

سىزنى ئاگاھلاندۇرىمەنكى، يىگىرمە بەش ياشتىن قىرىق ياشقىچە بولغان مەزگىل يەنە بىر جەھەتتىن بىر قاتار ناچار ئادەتلەرنىڭ كىشىگە سالجىدەك چاپلىشىۋالىدىغان دەۋرىدۇر. ھاراق، تاماكا، ناچار ئوزۇقلىنىش ئادىتى سىزنى بولۇشىغا تۇگەشتۈرىدۇ. كېيىن بۇلارنىڭ ئازابىنى تولۇق ھېس قىلىسىز. بۇلاردىن ئۇزاق تۇرۇپ، كۆپلەپ كىتاب ـ ماتېرىيال ئوقۇشىڭىزنى، سەيلە ـ ساياھەت قىلىشىڭىزنى، يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىڭىزنى، چەتئەل تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەمچىلىكلىرىڭىزنى تولۇقلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، بۇ مەزگىلدە ئۆگىنىشىڭىز كېرەك بولغانلىرىنى ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئون ئىككى ياشتىن يىگىرمە بەش ياشقىچە بولغان دەۋرىڭىزدە قولغا كەلتۈرگەن بىلىملىرىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، ماقالە ـ ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىڭىز، مېۋە بېرىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

تارىختا يەنە بىر رەت قايتايلى. كونا زامانلاردا 25 ـ 40 ياشلار ئارىسىدىكى ئىنسانلار چوڭ ئادەملەر سانىلاتتى. بۇ ياشلاردا دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا قوياتتى. قوماندانلىق ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندايتتى. كونا زامانلاردا قىرىق ياشتىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئاز كۆرۈلەتتى. كىشىلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا ئىدى. بۈگۈن ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈرى ئۇزاردى. بىراق، ئىنسانلارنىڭ مول ـ ھوسۇللۇق بولغان دەۋرى يەنىلا كونا زامانلار ئىدى. بۇ ۋەجىدىن، كىشى قايسى ساھە بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، 25 ـ 40 ياش ئارىسىدا ئەسەر ئوتتۇرىغا قويۇشقا غەيرەت كۆرسىتىشى كېرەك. قىرىق ياشلاردىن كېيىن مەيلى بەدىنىڭىزنى بولسۇن، ياكى زېھنىڭىزنى بولسۇن، ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى مەزگىللەردىكىدەك قوللىنالمايسىز.

## قىرىق ياشتىن ئەللىك بەش ياشقىچە بولغان دەۋر

قىرىق ياشتىن ئەللىك بەش ياشقىچە بولغان دەۋر كىشى ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم دەۋردۇر. بۇ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىڭىز چېكىنىشكە باشلىغان، شۇنداقلا، ئۆزىڭىزنى جارىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىڭىزدا ۋە تەسەۋۋۇرىڭىزدا يۈكسىلىش بولغان چاغلاردۇر. كىشىنىڭ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە قىلغان پىكىر ـ تەپەككۇر، ئانالىزلىرى چوڭقۇرلۇق جەھەتتە مۇشۇ ياشلاردا قىلغان تەپەككۇر ۋە ئانالىزىدىن تۆۋەن بولىدۇ. پىكىر ئادىمى 40 ياشلىق دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇن بۇ ياشقا كىرگەندىن كېيىنكىدەك گۈزەل ئۇسلۇبتىكى ئوتتۇرىغا چىقىرالمايدۇ. يەنى، ئىلگىرىكى ياشلاردا ياخشى ھاسىلاتلارنى تويلىغان بولسىڭىز، بۇ چاغ سىز ئۈچۈن مول ـ ھوسۇللۇق دەۋرنىڭ باشلىنىشىدۇر.

ئىنسان قىرىق ياشتىن كېيىن بىلىمدە تېخىمۇ كامالەت تاپالايدۇ. ئۆزى بىلگەن دائىرە ئىچىدە ياخشى مۇھاكىمە ۋە بەلەن پىكىرلەرنى ئىشلەپ چىقىرالايدۇ. بۇلارنى ئەلۋەتتە كونا ھاسىلاتلىرى ئارقىلىق، يەنى قىرىق ياشتىن ئاۋۋال ئېرىشكەن بىلىم تەجرىبىلىرى ئارقىلىق روياپقا چىقىرىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەگەر سىز قىرىق ياشقىچە بولغان جەرياندىكى توپلىغان بىلىم ـ تەجرىبىلىرىڭىزنى ياخشى ئىشلىتەلىسىڭىز، قىرىق ياشتىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنگۈدەك دەرىجىدە مول ـ ھوسۇل بېرەلەيسىز. پىشىپ ـ يېتىلىش جەھەتتىمۇ ئەھۋال مۇشۇنىڭكىدەك. مەسىلەن، بىرىنى قىرىق ياشتىن كېيىن تېخىمۇ بەك ياخشى كۆرەلەيسىز. دوست ـ بۇرادەرلىرىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى قىرىق ياشتىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ ماڭالايسىز. بۇ سەۋەبلىك، قىرىق ياشقا توشماستىن قۇرۇلغان دوستلۇقلىرىڭىز مەڭگۈلۈك دوستلۇقلۇققا تېخىمۇ يېقىن. قىرىق ياشتىن كېيىن قۇرۇلغان دوستلۇقلار كۆپىنچە ھاللاردا ئۆتكۈنچى دوستلۇق بولۇپ قالىدۇ. ياش چوڭايغاندا قۇرۇلغان دوستلۇق ئۇزاققا بارمايدۇ.

قىرىق ياشتىن ئەللىك بەش ياشقىچە بولغان دەۋرىڭىز ۋەتەن ـ خەلقكە بولغان مەجبۇرىيىتىڭىزنى ھەر قايسى جەھەتتىن ئورۇندايدىغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ياشلاردىكى شەخس ۋەتەن ـ خەلقكە بولغان مەجبۇرىيىتىنى بىلىپ، شۇنىڭغا بىنائەن ھەرىكەت قىلىشى لازىم.

خۇلاسىلىسەك، مول ـ ھوسۇللىرىڭىزنى ئاساسەن ئوتتۇز ياشلىرىڭىزدا ئوتتۇرىغا تاشلىشىڭىز كېرەك. ماشىنىغا ئوخشاش ئالدىراش ئىشلىشىڭىز لازىم. زېرىكمەستىن، تېرىكمەستىن ئىشلىشىڭىز ۋە ھەر قايسى نۇقتىدىن ئۆزىڭىزنى كۆچلەندۈرۈشىڭىز كېرەك. قىرىق يېشىڭىزغا ئەمگەك بىلەن، ئەسەرلىرىڭىز بىلەن كىرىشىڭىز كېرەك. ئاقىۋەتتە قىرىق يېشىڭىزدىن كېيىنمۇ يەنە ھوسۇل بېرىشنى داۋاملاشتۇرىسىز. بىراق، قىرىق ياشتىن كېيىن بېرىدىغان مول ـ ھوسۇل تەجرىبە بىلەن بىرلىشىدۇ. ئۆز ساھەيىڭىزدە بارغانچە چوڭقۇرلىشىسىز. مۇشۇ تەرىقىدە ئۆز ساھەيىڭىزنىڭ ئەھلى، ئۇستىسى بولۇش يولىغا قاراپ ماڭىسىز.

## ئەللىك بەش ياشتىن كېيىنكى دەۋر

(ئىلىم يولىدىكى بىرى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، سىز ئۈچۈن) ئەڭ مۇھىمى، يەتمىش يېشىڭىزغا قەدەر ئەسەر يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىز كېرەك. ئۇستىلىقىڭىزنى ئىشقا سېلىشىڭىز، ساھەدىكى چوڭقۇرلۇقىڭىزنى كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. بۇ جەھەتلەردە تىركىشىۋاتقىنىڭىزدا قارشىڭىزدا بىر دۈشمەن پەيدا بولىدۇ. بۇ قارشى كۆرەش قىلىش كېرەك بولغان دۈشمەندۇر. دۈشمەن — ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىڭىزدۇر. يېشىڭىز چوڭايغانچە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىڭىز تۆۋەنلەيدۇ. بۇنىڭ تارتىشقۇدەك يېرى يوق.

مەلۇم ياشقا كەلگەندىن باشلاپ، بىلىملەرنى تېزدىن ئۆزلەشتۈرەلەيسىز، ئەمما، ئۆزىڭىز ھاسىل قىلغان بىلىملەرنى ئوخشاش رەۋىشتە ئۇنتۇشقا باشلايسىز. بۇ سەۋەبلىك، ياشلارغا دائىم دەيدىغىنىمنى مۇشۇ يەردىمۇ تەكرار ئېيتىمەن. يىگىرمە بەش ياشقىچە ئۆگىنىۋالىدىغانلىرىڭىز (ئىلىم يولىڭىزدىكى) ئاساستۇر. يىگىرمە بەش يېشىڭىزغىچە بولغان مەزگىللەرگىچە ئوقۇغان، ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن نەرسىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى كېيىنكى ھاياتىڭىزنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ئىشلىتىسىز. يىگىرمە بەش ياشتىن بۇرۇنقى مەزگىللىرىڭىزدە مول-ھوسۇل يىغىشقا كۈچىشىڭىز لازىم. ھۆجەيرىلىرىڭىز مەلۇم ياشقا كىرىگىنىڭىزدىن كېيىن ئۆلۈشكە باشلايدۇ. ئەللىك ياشلارغا كىرگىنىڭىزدە بۇ ھالەت تېزلىشىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋاللار مۇستەسنا، ئەللىك ياشلارغا بارغاندا ئەس-خاتىرىڭىزنىڭ ياش چاغلىرىڭىزدىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز لازىم. يەتمىش ياشلارغا بارغاندا ئەس-خاتىرىڭىزنىڭ تۆۋەنلىشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. مېنىڭچە، يەتمىش ياشتىن كېيىنكى دەۋر ئىنساننىڭ ئىلگىرى قىلغانلىرىنى تەكرارلاش دەۋرىدۇر.

بۇ جەھەتتە بەكلا سەلبىي كۆز قاراشتا بولغان كىشىلەرنى بىلىمەن. «ئىنسان يەتمىش ياشتىن كېيىن قىممىتىنى يوقىتىدۇ» دەپ قارايدىغانلار بار. بۇ پىكىرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىسى مۇبەججەل كىراي خوجا ئىدى. «يەتمىش ياشتىن ئاشقان بىرىنىڭ يېزىشىنىلا ئەمەس، سۆزلىشىنىمۇ چەكلەش كېرەك» دەيتتى ئۇ. يەنى، ئىنسان بۇ ياشتىن ئاشقاندا ئالجىشقا باشلايدۇ، دېمەكچى.

يىغىنچاقلىساق، يەتمىشتىن ئاشقاندا كىشى ئومۇمەن يېڭى ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمايدۇ. يەتمىش ياشتىن كېيىن ئەسەر ئوتتۇرىغا قويىدى دېيىلسە، ئىلگىرىكى چاغلىرىدىكىنى تەكرار ئوتتۇرىغا قويىدى دېيىشكە بولىدۇ. بىزنىڭ (تارىخچىلىق) كەسپىگە قارايلى، بېرناد لېۋىس يۈز ياشتىن ئاشتى (بۇ كىشى 2018-يىلى ۋاپات بولغان.-ت)، ئەمما بىلىملەرنى، ئۆتمۈشتە قولغا كەلتۈرگەنلىرىنى قىممەتلىك ھۆججەتلەر شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويىدى. بېرناد لېۋىس شەرقشۇناسلار دۇنياسى ئۈچۈن ھەر قاچان مەنبە خاراكتېرلىك شەخستۇر.

ئېيتقانلىرىمنى «ياش چوڭايغانسېرى ئىش تۈگەيدۇ» دەپ چۈشىنىۋالماڭلار. تارىخقا قارىساق، نۇرغۇن ئىشلارنى توقسان يېشىدىن كېيىن ۋۇجۇدقا چىقارغان شەخسلەرنىمۇ كۆرىسىلەر. مەسىلەن، خەلىل ئىنالجىك ئۇستازىنىڭ توقسان يېشىدىن كېيىن نەشىردىن چىقارغان ئەسەرلىرى ئۇ زاتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. يەتمىشتىن كېيىن يېڭى ئەسەر ئوتتۇرىغا قويىغىلى بولمايدۇ، دېگەن پىكىردىن خەلىل ئىنالجىك، مىمار سىنان، تىزىيانو ۋېكېللىيو قاتارلىقلار مۇستەسنادۇر. مەشھۇر تارىخچى لىئوپولد ۋون رانكى سەكسەن ياشلىرىدىن كېيىنمۇ مۇھىم ئەسەرلەرنى يازغان. ئەمما، مەن مەيلى نېمىلا بولسۇن، يازىدىغان ئەسەرلىرىمنى سەكسەن ياشقىچە يېزىپ بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، ھېچكىم ئۆزىنىڭ سەكسەن ياشتىن ئاشقاندىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يازالايدىغانلىقىغا ھۆددە قىلالمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك، يېڭى ئەسەر يېزىشنى مۇئەييەن ياشقا

كېلىشتىن بۇرۇن تۈگىتىشىڭىز لازىم. «كەلگۈسىدە ھەل قىلىمەن، ياكى ئۇ چاغدىمۇ ئەسەر يېزىشنى ھازىرقىغا ئوخشاش تېز سۈرئەت بىلەن داۋاملاشتۇرىمەن» دەپ ئويلاپ قالسىڭىز، بۇ ئويىڭىز ئەمەلگە ئاشماي قېلىشى مۇمكىن.

شۇنىمۇ سۆزلەپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، مەن قارار چىقىرىشتا بەك ئىككىلىنىدىغان بىرى ئىدىم. ئۆزۈم ئىشىنىدىغان كىشىلەردىن ئەڭ خۇسۇسىي ئىشلارغىچە مەسلىھەت ئالاتتىم. ئىككىدىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، قايسىسىنى تاللىسام ياخشى بولار دەپ بېشىم قاتقىنىدا چوقۇم ئونلىغان كىشىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاتتىم. شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، باشقىلاردىن ئالغان تەۋسىيەلىرىمدىن چىقارغان يەكۈنۈم شۇ بولدىكى، شەخسىي تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا باشقىلارغا قۇلاق سالماسلىقىمىز لازىم. مەن بۇ ئارقىلىق ئۆز يولىڭىزنى ئۆزىڭىز تاللاڭ، دېمەكچى. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ يولىنى ئۆزۈم تاللاپ ماڭدىم ۋە مۇشۇنداق قىلىشقا تىرىشتىم. شۇنداقلا، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشقىمۇ ھەرگىز سەل قارىمىدىم، ئۆزۈم ئۈچۈن تولىمۇ مەنپەئەتلىك بولغان تەۋسىيەلەرگىمۇ ئېرىشتىم.

مەسىلەن، مەكتەپ تاللاش جەھەتتە بوزقۇرت گۈۋەنچتىن ناھايىتى پايدىلىق تەۋسىيە ئالغان ئىدىم. ئۇ چاغدا قايسى مەكتەپنى تاللاش ھەلەكچىلىكىدە ئىدىم. بوزقۇرت بەي بولسا ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش دەۋرىدە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىدە ئىدى، ھەممە ۋەزىپە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى. مەن «پالان ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرسەم بولارمۇ، ياكى پوكۇنى ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرسەم قانداق بولار» دەپ ئىككىلىنىپ يۈرگەن ئىدىم. ئاقىۋەتتە، ئوقۇغۇچى سانى ئاز دەپ ئويلاپ، بۇنى ئەۋزەللىك ساناپ، ھاجەتتەپەدىكى ئىجتىمائىي بىلىملەر فاكۇلتېتلىرىدىن بىرىگە كىرىشنى تاللىدىم. بوزقىرت بەي ھاجەتتەپەگە ئەمەس، مۈلكىيە ئىنستىتۇتىغا كىرىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. يەنى، بوزقىرت بەي ھاجەتتەپەدە ئىشلەۋاتقان بولۇشىغا قارىماي مۇشۇنداق مەسلىھەت بەردى. بۇ دۇرۇستلۇق ئۆرنىكىدۇر. ئۇ مېنىڭ باشقا ئىشلارنى ئويلاۋاتقىنىمنى، باشقا خىل مائارىپقا ئېھتىياجىم بارلىقىنى بىلىپ، مۇشۇنداق تەۋسىيە بەرگەن ئىدى. بۇ مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم تەۋسىيە بولغان ئىدى.

سۇلايمان دېمىرەلدىن ئالغان تەۋسىيەنى ھاياتىمدىكى ئىككىنچى مۇھىم تەۋسىيە دەپ بىلىمەن. بىر زامانلاردا مېنىڭ مىللەت ۋەكىلى بولۇشۇمنى تەۋسىيە قىلغانلار بولغان ئىدى، بۇ تەۋسىيەنى كىم بەرگەنلىكىنى دەپ يۈرمەيمەن. شۇ چاغلاردا دېمىرەل بىلەن بىرلىكتە باكۇ زىيارىتىدە بولدۇق. بۇ ئۇنىڭ پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسى يېڭىلا ئاياقلاشقان چاغلار ئىدى. ماڭا مىللەت ۋەكىلى بولۇش تەكلىپى كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ ماڭا «قوبۇل قىلماڭ. سىزگە ئوخشاش كىشىلەر مىللەتنىڭ ۋىجدانى. سىياسەت بىلەن ئىشىڭىز بولمىسۇن» دېدى. قاراڭ، ئەينى يىللارنىڭ سىياسەتچىسى دېمىرەل ھەققىدە سۆزلەۋاتىمەن. مەن مىللەت ۋەكىلى بولۇش تەكلىپى جەھەتتە ئويلىنىپ، قانداق قىلسام ياخشى بولار دەپ كاللا قاتۇرۇۋاتقان ئىدىم. دېمىرەل ماڭا سىياسەتكە ئارىلاشماسلىق

تەۋسىيىسى بەرگەندىن كېيىن، «بىلدىم. قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى ئېنىق بولدى» دېدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتىكى تەۋسىيەلەرنىڭ ھېچبىرىنى قوبۇل قىلمىدىم.

بوزقۇرت گۈۋەنچىنىڭ مەكتەپ تاللىشىم ھەققىدىكى تەۋسىيىسى ۋە سۇلايمان دېمىرەلنىڭ مىللەت ۋەكىلى بولۇشنى تاللىماسلىقىم توغرىسىدىكى تەۋسىيىسى مېنىڭ ھاياتىمدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ئىككى تەۋسىيەدۇر. بۇ ئىككى شەخس شەخسنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تەۋسىيە بېرىشنى بىلىدىغان ئىنسانلار ئىدى. تەۋسىيەلەرنى مانا مۇشۇنداق پىشقان، تەجرىبىلىك ئىنسانلاردىن ئېلىشقا، تەۋسىيە ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق شەخسلەرنى تېپىشقا، بۇنداقلارنى تاپقاندا تەۋسىيىسىگە قۇلاق سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىڭ. بۇنداق كىشىلەر سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزگە، قايسى ئەھۋالدا ئىكەنلىكىڭىزگە، نېمىگە ئېھتىياجلىق بولغىنىڭىزغا قاراپ تۇرۇپ تەۋسىيە بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئوي ـ خىيالى بويىچە تەۋسىيە بېرىش بەك ئاسان. «كەل بۇ مەكتەپتە، كىر مەجلىسكە» دەپ تەۋسىيە بېرىشنى ھەر كىم قىلالايدۇ. يۇقىرىقى ئىككى شەخسنىڭ توغرا تەۋسىيە بېرىشتە تۇتقان يولى توغرا يولدۇر. چۈنكى، بىزنىڭ مىللەتتە «سەن بۇ ئىشنى قىلما» دەپ مەسلىھەت بېرىدىغانلارنى كۆپ تاپقىلى بولمايدۇ.

دېمەكچىمەنكى، ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى ئىنساننىڭ ئۆز تاللىشىدا توغرا قارار چىقىرالىشىدۇر.

**بەزى تەۋسىيەلەر**

ھاياتلىقتىكى ئالدىراشچىلىق سەۋەبلىك قانچە ياشقا كىرگىنىڭىزنى پەرق ئېتىپ بولالماي قالىسىز. بىراق، قېرىلىقنى ياخشى دېيەلمەيمەن. قېرىلىق قانداقسىگە ياخشى بولسۇن دەيسىز! بىلگىنىڭىزدەك، مەن 1947 ـ يىلى 21 ـ مايدا تۇغۇلدۇم. ھاياتىمنىڭ 71 ـ يىلىنى تۈگىتىش ئالدىدا تۇرماقتىمەن. يۇقىرىقىسى كەچمىشىمدىن توپلىغان تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىم. بۇ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىمدىن ھەر كىم مەنپەئەت ئالالايدۇ دەپ ئويلايمەن.

ھاياتتا كىشى ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن ھوزۇرلۇق تۇتۇشى، روھىي ھوزۇرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىگە نىسبەتەن كېرەكسىز ئىشلارغا كىرىشىۋېلىش ۋە ھەپىلىشىشتىن ۋاز كېچىشى لازىم.

ئىنسان يېشى چوڭايغانچە، ھاياتنىڭ قىسقىراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئىنسان ئىمكان دائىرىسىدە ساغلاملىقىڭىزغا دىققەت قىلىشى، ساغلام ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن تىرىكىشىشى لازىم. مەسىلەن، تاماكا چېكىدىغان بولسىڭىز، ئەمدىدىن باشلاپ تامىكىنى تاشلاڭ. ھاراق ئىچىدىغان بولسىڭىز، ھاراققا يېقىن يولىماڭ. ياغلىق يېمەكلىكلەردىن ئۇزاق تۇرۇڭ. زەيتۇن يېغى ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ نورمىدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلماڭ. يېمەك ـ ئىچمەكتە دائىما ئۆلچەمدىن چىقماڭ.

داستىخاندىن چالا تويۇنغان ھالەتتە قوپۇڭ. چۈنكى، سىمىزلىك خەتەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەمىرىپ كەتتىڭىزمۇ ئورۇقلىشىڭىز ئاسانغا توختىمايدۇ.

(مەنىۋى تۇرمۇشقا كەلسەك) كەيپىياتىڭىزنى تۇراقلىقلاشتۇرىدىغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى باشلاڭ. مېنىڭ يېشىم بۇنىڭغا ئەڭ ئۇيغۇن چاغدۇر. بىر زامانلاردا مېنىڭ يېشىمدىكى كىشىلەر رومان ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەرمىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، مەن يىگىرمە يېشىمدىن كېيىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى ئازايتتىم. چۈنكى، كەسىپ ئېھتىياجىم سەۋەبلىك باشقا مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇيتتۇم ۋە يازاتتىم. ئەمدىلىكتە، ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ كلاسسىك ئەدەبىياتقا قايتىۋاتىمەن. ھېكايە، رومان ئوقۇش ئىنساننىڭ مىجىسىنى ئارام تاپقۇزىدۇ. ئەس ـ خاتىرىسىنى كۈچەيتىدۇ. ھەرگىز ئۇنۇتماڭكى، ئەڭ مۇھىم نەرسە ئەس ـ خاتىرىدۇر.

ئىلبەر ئورتايلىنىڭ «ئۆمۈر قانداق ئۆتكۈزۈلىدۇ» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

ئالدىنقى ساندا ھەدىس شەرىپلەر ھەققىدە ئەڭ دەسلەپكى باشلانغۇچ مەلۇمات بېرىلگەن ئىدى. ئەمدى بۇ ساندا ھەدىسنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە تۇتقان ئورنى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

## 2 . ھەدىسنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە تۇتقان ئورنى

ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنى قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن تولۇق ۋە روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. سۈننەت بولسا ئىسلام شەرىئىتىدە قۇرئاندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم مەنبە.

ئاللاھ تائالا « قۇرئان كەرىم »نى پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك دەستۇرى بولۇش ئۈچۈن نازىل قىلدى. دەسلەپكى دەۋردە ياشىغان تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار قۇرئاننى پەيغەمبىرىمىزدىن بىۋاستە ئۆگىنىپ، ئەتراپلىق ئۆزلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر چۈشىنىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە ئەينەن ۋە توغرا رەۋىشتە يېتىپ كېلىشىگە ئاساس سالدى ۋە تۆرتكە بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى ئەينەن يەتكۈزۈشتىن باشقا، قۇرئاننى ئومۇمىي رەۋىشتە چۈشەندۈرۈش، ئايەتلەرنى شەرھلەش، ئومۇمىي ئەھكاملارنى تەپسىلىي بايان قىلىش ۋە ئومۇمىي قائىدە ـ پرىنسىپلارنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ كىتابىنى چۈشىنىشتە، ئۇنىڭ ئومۇمىي ھۆكۈملىرىنى ئەمەلىي ۋە جانلىق تەتبىقلاشتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بايان قىلىشىغا ۋە شەرھلەپ ـ ئىزاھلىشىغا مۇھتاج ئىدى، يەنى قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە قۇرئاندىكى ھۆكۈملەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھى سالاتۇ ۋەسسەلەمنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. بۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: {وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ} {بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) تەپەككۇر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق.} (سۈرە نەھل، 44 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا آتَاكُمْ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾{پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.} (سۈرە ھەشر 7 - ئايەت)

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى خاتىرىلىگەن مۇنۇ ھەدىستە ئىسلام شەرىئىتىدە سۈننەتنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ قانچىلىق مۇھىملىقى تېخىمۇ روشەن بايان قىلىنغان. پەيغەمبىرىمىز ساھابە مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە قازى قىلىپ ئەۋەتكەندە، يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى : «ئەگەر سەن بىرەر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا دۇچ كەلسەڭ، نېمىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىسەن؟» دەپ سورىغاندا، مۇئاز « ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا ئاساسەن » دەپ جاۋاپ بەرگەن. پەيغەمبىرىمىز « ئەگەر ئۇ مەسىلە ھەققىدىكى ھۆكۈم قۇرئان كەرىمدىن تېپىلماي قالسىچۇ ؟» دەپ سورىغاندا، مۇئاز شۇئانلا « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئاساسەن » دېگەن. پەيغەمبىرىمىز يەنە « ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىمۇ تېپىلمىسىچۇ ؟ » دەپ سورىغاندا، مۇئاز « ئۇ چاغدا تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە ئىجتىھاد قىلىمەن » دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبىرىمىز مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ مەيدىسىگە رازىمەنلىك بىلەن ئۇرۇپ قويۇپ، « ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەلچىسىنى مەمنۇن بولىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ - سانالار ئېيتىمەن » دېگەن.

ھەدىس شەرىئەتنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن « قۇرئان كەرىم » بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ خىل باغلىنىشنى تۆۋەندىكى ئۈچ مۇھىم نۇقتا ئارقىلىق بايان قىلىشقا بولىدۇ :

1 . ئالدى بىلەن ھەدىس ئومۇمىي ۋە تەپسىلىي رەۋىشتە « قۇرئان كەرىم » نىڭ بارلىق ئەھكاملىرىغا ماسلاشقان ھالدا ئۇنى كۈچەيتىش ۋە تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ناماز، روزا، زاكات، ھەجنىڭ پەرزلىكى ھەققىدىكى ھەدىسلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار قۇرئان كەرىمدىكى شۇنىڭغا ئائىت مەزمۇنلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئاللاھ تائالا بەش پەرزنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

{وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ}«ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار.» (سۈرە بەقەرە، 83 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

{يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ} {ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان) روزىسى پەرز قىلىندى.} (سۈرە بەقەرە، 183 - ئايەت)

{وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ . } {قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.} (سۈرە ئال ئىمران، 97 ـ ئايەت)

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدە يۇقىرىقى مەزمۇنلار تەكىتلەنگەن ھالدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىسلام دىنى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد بولسا ئاللاھنىڭ رەسۇلى (ئەلچىسى) دۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان روزىسى تۇتۇش، قادىر بولالىغان ئادەمنىڭ ھەج قىلىشىدىن ئىبارەت بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان. (ئىمام بۇخارى خاتىرىلىگەن)

ئاللاھ تائالانىڭ : « يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لاَ تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُم بَيْنَكُم بِالْبَاطِلِ إِلاَّ أَن تَكُونَ تِجَارَةً عَن تَرَاضٍ مِّنكُمْ وَلاَ تَقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا »، ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىبانىدۇر[29] (سۈرە نىسا 29 ـ ئايەت) دېگەن ئىلاھي كالامىغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ «بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ مېلى ئۆزى رازى بولۇپ بەرمىگىچە، ئىككىنچى ئادەمگە ھالال بولمايدۇ» دېگەن سۆزى مەزمۇن جەھەتتىن ئۇيغۇنلاشقان.

2 . ھەدىس قۇرئان كەرىمدىكى مۇتلەق ياكى ئومۇمىي بولغان ئەھكاملارنى مۇئەييەن دائىرىدە بايان قىلىپ بېرىش ياكى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىش ۋە ياكى خاسلىقتا ئىگە قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ھەدىسنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ۋە ئورنىنى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمدە ناماز، روزا، زاكات، ھەج، سودا ـ سېتىق ئەھكاملىرى بىردەك ئومۇمىي ۋە يىغىنچاقلا بايان قىلىنغان. بۇلار ھەدىسلەردە كونكرېت، تەپسىلىي ۋە روشەن بايان قىلىنىدۇ. بۇنداق ھەدىسلەر بارچە ھەدىسنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قۇرئاندا ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجنىڭ ھەر بىر مۇكەللەف ( دىنىي ئىبادەتلەرنى ئىجرا قىلىش شەرتىگە توشقان كىشى ) كە پەرز ئىكەنلىكى قەتئىي رەۋىشتە بايان قىلىنغان. ئەمما قۇرئاندىكى بۇ ئومۇمىي بايانلار بىلەنلا ئاللاھ بېكىتكەن بۇ پەرزلەرنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ئادا قىلىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ھەدىسنىڭ قۇرئاننىڭ ئومۇمىي ۋە مۇتلەق رەۋىشتە بايان قىلغان ئەھكاملىرىنى تەپسىلىي شەرھىلەش ۋەزىپىسى دەل مۇشۇ يەردە ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز نامازنىڭ ۋاقىتلىرى، رەكئەتلىرى، قىيام، رۇكۇ، سەجدىدەك تەپسىلىي ھالەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۆز

ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ساھابىلىرىگە ئۆگەتكەن. روزىنىڭ ۋاقتىنى، ئىپتار ۋە سوھۇرلۇق ۋاقتىنى بايان قىلغان. ئۇندىن باشقا قانچىلىك مال ـ مۈلكى بار ئادەمگە زاكاتنىڭ پەرز بولىدىغانلىقى، ئالتۇن، پۇل، زىرائەت، مال ـ چارۋىلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ زاكات مىقدارىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ھەج پەرزىنىڭ تەپسىلىي پائالىيەت تەرتىپلىرىنى بايان قىلىپ كۆرسەتكەن.

تولىمۇ ئەپسۇس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بارچە ھەدىسلەر گەرچە ئىنچىكە تالالاش، ئەستايىدىل تەپتىش ـ تەھقىق، ئۇزاق تەكشۈرۈش ۋە ئايرىپ چىقىش ئارقىلىق توپلانغان بولسىمۇ، بىراق مۇشۇ ۋاقىتتا پەقەت قۇرئان كەرىم بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ھەدىسلەرگە ئاساسلانماسلىقنى تەكىتلەيدىغان بىر قىسىم ئازغۇن كىشىلەر مەيدانغا كەلگەن. ئىز باسار تۆت خەلىپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىيەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى ئۆزىگە قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىققان خاۋارىجلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتكەن چاغدا ئالاھىدە تەكىتلەپ شۇنداق دېگەن ئىدى: « ئۇلار بىلەن قۇرئان ئايەتلىرى ئارقىلىق تالاش ـ تارتىش قىلماڭ، چۈنكى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى نۇرغۇن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، سىز بىر مەنىسىنى دېسىڭىز، ئۇلار يەنە باشقا مەنىسى بىلەن ئايەتلەرنى سوقۇشقا سالىدۇ، مۇنازىرە ـ سۆھبەتنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ. ئەمما ئۇلار بىلەن سۈننەت ئارقىلىق مۇنازىرە قىلىپ سۆھبەتلەشسىڭىز، ئۇلار قايتا سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يورغىلىتالمىغانلىقىنى ئاز دەپ، سۈننەتتىن نەيرەڭۋازلىق قىلغۇدەك ھېچ نەرسە تاپالمايدۇ ـ دە، مات بولىدۇ ».

دەرۋەقە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا تەڭ كېلەلمىگەن خاۋارىجلار گۇرۇھى تەۋرىنىپ، ئالتە مىڭ ئادەمدىن ئىككى مىڭ ئادەم ھەقىقەتكە قايتىپ بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئاتامانلىرى بىردىنلا سۈيىقەست ئىشلىتىپ، قالغان تۆت مىڭ كىشى بىلەن داۋاملىق ئازغۇنلۇق ۋە جىنايەت يولىغا داۋام قىلىۋەرگەن. كېيىنچە ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى ھەزرىتى ئەلىنى يوشۇرۇن خەنجەرلەپ شېھىت قىلغان. شۇ ۋەقەدىن كېيىن خاۋارىجلارنىڭ تەسىرىدە يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن باشقا تۈرلۈك ئازغۇن دىنىي ئېقىملار كۆپلەپ مەيدانغا چىقىپ، بىر قىسمى ھەدىسلەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلسا، بىر قىسمى توختىماي تۈرلۈك يالغان ھەدىسلەرنى توقۇش ئارقىلىق ئەسلىدە بار بولغان سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ قىممىتىنى يوقىتىشقا كۈچىگەن. نەتىجىدە بۇ خىل غايەت زور ۋە كەڭ كۆلەملىك سۈيىقەستلەرگە قارشى مۇسۇلمان ئالىملىرى مەخسۇس ھەدىس ئىلمى ۋە ھەدىس پىرىنسىپلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەدىسلەرنى قايتىدىن ئۇنىۋېرسال باھالاپ ۋە تەكشۈرۈپ، تىرىك شاھىتلارنىڭ ئارخىپلىرىنى مۇكەممەل تۇرغۇزۇپ، قىلنى قىرىققا يارغۇدەك ئەستايىدىللىق بىلەن بىر مىليوندەك ھەدىستىن نەچچە يۈز مىڭنى ئايرىپ ۋە تاللاپ چىققان. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە ۋە ھەدىس ئىلمىدىكى ئورنىغا كۆرە «ھەدىسنى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن قانداق چىققان بولسا، شۇ بويىچە توغرا رىۋايەت قىلغۇچى، ھەدىسنى كەمتۈك رىۋايەت قىلغۇچى، بىر ھەدىس بىلەن باشقا بىر ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى

ئاربلاشتۇرىۋەتكۈچى، زەئىپ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغۇچى، يالغان ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغۇچى، يالغاندىن ھەدىس توقۇغۇچى...» دېگەندەك دەرىجىلەرگە ئايرىپ، تەقۋا، ئامانەتدار، ھەر قانداق يالغان سۆز، يامان گۇناھ ۋە بەتنام ـ تۆھمەتتىن يىراق، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ياخشى، ھەدىسنى پۇختا يادلىغان شەخسلەر ئىچىدىن «ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھى ساللاتۇ ۋەسسەللەمنىڭ بايان قىلغىنى بويىچە، بىرەر كەلىمىسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتمەستىن ئۆز پېتى نەقىل قىلغۇچى» كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ھەدىسلىرىنىلا سەھىھ ھەدىس دەپ قوبۇل قىلىپ، قالغان ھەدىسلەرنى ئۆزىگە يارىشا زەئىپ، ياۋا، ئويدۇرما ھەدىس دەپ ئايرىپ چىققان. كېيىنچە داڭلىق ھەدىسشۇناس ۋە تارىخچى ئالىم ئىمام بۇخارى ئۆزى 16 يىل جەريانىدا يادقا بىلگەن ئالتە يۈز مىڭ ھەدىس ئىچىدىن ئىككى يۈزمىڭ سەھىھ ھەدىسنى ئايرىپ چىققان. ئاخىرىدا بۇ ئىككى يۈز مىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىسنى يەنىمۇ قاتتىق ئۆلچەملەر ۋە شەرتلەر بىلەن ئۇنىۋېرسال باھالاپ، پەقەت 7275 ھەدىسنىلا تۈمەن قېتىم تاسقاپ چىقىپ، بارچە ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن قۇرئان كەرىمدىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك كىتاب «سەھىھۇل بۇخارى»نى يېزىپ چىققان.[1] بۇ مەزمۇنلار كېيىنكى سانلاردا تەپسىلىي ۋە تەرتىپ بويىچە ئەزىز خەلقىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە كۆپ توختالمايمىز.

ئاللاھ تەئالا يەنە شۇنداق دېگەن:

﴿وَمَا آتَاكُمْ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾

«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.» (سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەت)

[1] بەزى كىشىلەر ئىمام بۇخارى نېمىشقا شۇنچە كۆپ ھەدىسنىڭ ئارىسىدىن يەتتە مىڭ نەچچە يۈز ھەدىسنىلا تاللاپ سەھىھۇل بۇخارىغا كىرگۈزگەن، باشقىلىرىنى نېمىشقا كىرگۈزمىگەن؟ دەپ، بۇ مەنتىقىسىنى ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىش غەرىزىگە دەلىل قىلىۋالىدۇ. ئىمام بۇخارى سەھىھۇل بۇخارىدىن باشقا «ئەدەب ئەلمۇفرەد»، «رەفئۇلىيەدەين»، «تارىخ كەبىر»،... قاتارلىق كىتابلارنىمۇ يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلىرىدە سەھىھ بۇخارىدا بولمىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر تېپىلىدۇ ۋە ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىدىن باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىكى ھەدىسلەرنىمۇ سەھىھ دەپ قارايدۇ، باشقا ئالىملارمۇ ھەم شۇنداق. بىر ئالىمنىڭ بىر ئەسەرگە مەلۇم مەزمۇننى كىرگۈزمەسلىكىگە قاراپ، شۇ ئەسىرىدىكىدىن باشقىسى توغرا مەزمۇن ئەمەس دېگەن چۈشەنچىگە كېلىۋېلىش يا ئەقلىي قابىلىيىتىدە مەسىلە بار كىشىنىڭ، ياكى قەستەن ھەقىقەتنى بۇرمىلاش غەرىزىدىكى يامان نىيەتلىك كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشىدۇر. ئىمام بۇخارى سەھىھۇل بۇخارى ئەسىرىنى ئەسلىدىنلا كىچىك ھەجىملىك ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىقىش نىيىتىدە بىر مىليونغا يېقىن ھەدىستىن يەتتە مىڭغا يېقىنىنى تاللاپ كىتابىغا كىرگۈزگەن. ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىنىڭ تولۇق نامىنى «الجامع المسند الصحيح المختصر من أُمور رسول الله صلى الله عليه وسلّم وسننه وأيامه» دەپ قويغان بولۇپ، سەھىھ بۇخارىنىڭ ئىسمىدىنلا بۇ ئەسەرنىڭ قىسقىچە ھەدىس كىتابى ئىكەنلىكى، ئىمام بۇخارىنىڭ مۇشۇنى مەقسەد قىلغانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. ـ تەھرىر ئىزاھاتى.

بۇ ئايەت مۇناسىۋىتى بىلەن، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان، دەل مۇشۇ تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقەنى بايان قىلىشنى توغرا تاپتىم:

بىر ئايال ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا «ئاللاھ يۈزىنىڭ تۈكلىرىنى يۇلغان، يۇلدۇرغان، خال چەكتۈرگەن ئاياللارغا لەنەت قىلسۇن، دېگەن سەنمۇ؟» دېدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: شۇنداق، دېدى.

ھېلىقى ئايال: مەن قۇرئاننى باشتىن ئاياغ ئوقۇپ چىقتىم، ئۇنىڭدا سەن دېگەن سۆزلەرنى تاپالمىدىم،ـ دېدى. ئىبنى مەسئۇد: ئەگەر قۇرئاننى تولۇق ئوقۇغان بولساڭ ئۇنى تاپقان بولاتتىڭ. ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇمىدىڭمۇ؟ـ دېدى.

ئۇ ئايال: ھەئە، ئوقۇدۇم،ـ دېدى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ئاللاھ يۈزىنىڭ تۈكلىرىنى يۇلغان ئاياللارغا لەنەت قىلسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم نەقىل قىلغان.

چوڭ ساھابىلەردىن ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن يۇقىرىقىدەك ئازغۇنلارنىڭ بىرىگە شۇنداق دېگەن: «سەن ئەخمەق ئادەم ئىكەنسەن، ئەگەر قۇرئان بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان ئىش بولسا پېشىن نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت پەرز قىرائەتنى ئىچىدە ئوقۇش، دېگەن قائىدىنى قۇرئاندىن تاپالامسەن ؟» ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن شۇ تەرىقىدە ناماز ۋە زاكاتنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ:

«سەن بۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى قۇرئاندىن تاپالامسەن؟ قۇرئان كەرىم ئومۇمىي رەۋىشتە بايان قىلغان ئەھكاملارنى ھەدىس كونكرېت بايان قىلىدۇ » دېگەن.

ئەھلى ھەدىستىن بولغان مۇترىف دېگەن ئالىمغا بىر كىشى : «سەن بىزگە قۇرئاندىن باشقا نەرسە ھەققىدە سۆز ئاچمىغىن» دېگەندە، مۇترىف:« بىز قۇرئاننى ھېچقانداق نەرسىگە تەڭلەشتۈرمەيمىز. بىز پەقەتلا قۇرئان كەرىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ئادەمگە (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھى سالاتۇ ۋەسسالامغا) مۇھتاجمىز» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

3 . قۇرئان كەرىمدە ھەم مۇقۇملاشتۇرۇلماي ھەم ئىنكار قىلىنماي سۈكۈت قىلىنغان مەزمۇنلار بايان قىلىنىدۇ. ئايال كىشىنى ئۇنىڭ ھامىمسى بىلەن نىكاھىغا جەملەشنىڭ ھاراملىقى، شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىغا دائىر ھەدىسلەر مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىس شەرىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرىقى ئايرىلماس باغلىنىشنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن ھالدىكى پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. بۇ پەرقلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بەش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما بۇ بەش نۇقتىدا بىر قەدەر ئۇزۇنىراق توختىلىش زۆرۈر بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەزىم قىلىپ بولالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ مۇشۇ يەردە توختاپ قېلىشنى ئۇيغۇن كۆردۇم. داۋامى ئاللاھ خالىسا كېلەركى ساندا بېرىلىدۇ. بۇ مەزمۇندىن كېيىن، ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۆگىنىشى، ئاندىن كېيىن ھەدىس شەرىپلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھايات ۋاقتىدا خاتىرىلىنىش ئەھۋالىنى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن تارىخىي تەرتىپ بويىچە ھەدىس شەرىپلەر بېسىپ ئۆتكەن بوران-چاپقۇنلار ۋە ئىنكار قىلىنىشلارنى بايان قىلىپ، خەلقىمىزگە ھەدىس شەرىپلەر ھەققىدىكى بارچە پىتنە - پاساتلارنىڭ ۋە خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ تۈپ يىلتىزى ۋە ئەسلى ماھىيىتىنى پاكىتلىق ۋە مەنتىقىلىق ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىمەن. شۇندىلا ھەممە مىللەتنى بىر قېتىمدىن ئەخمەق قىلىپ چىققان بۇ خاتا ۋە ئازغۇن چۈشەنچىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ماماتلىق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنى تەكرار ئەخمەق قىلىش خەۋپى ئاساسەن تۈگەيدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ ياخشى نىيەتلەرگە مەدەت بەرگەي، ئەڭ توغرىسىغا مۇۋەپپەق قىلغاي !

پايدىلانغان مەنبەلەر :


1 . ھەدىس شەرىپ توغرىسىدا ئومۇمىي بايان، مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم، خىتاي مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى، 2004 - يىللىق 3 - سان

2 . ھەزرىتى ئەلىنىڭ خۇتبە - نۇتۇقلىرى توپلىمى، 3 - توم، 136 - بەت

3 . قۇرئان كەرىم (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)، مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم

4 . سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرئىتىدىكى ئورنى، دوكتۇر مۇستاپا سىبائى، 2019 - يىل، 9-نەشرى، سالام نەشرىياتى

5 . كۇۋەيت فىقھى ئىنسىكلوپېدىيىسى



# فاشىزم ئىجرائاتچىسىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى

نىگېل ۋاربىرتىن

# فاشىزم ئىجرائاتچىسىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى

## نىگېل ۋاربىرتىن[1]

ئادولف ئايكمەن (Adolf Eichmann) ھىتلىرغا جان جەھلى بىلەن خىزمەت قىلغان ناتسىست ئەمەلدارىدۇر. ئۇ 1942 ـ يىلىدىن باشلاپ ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنى پولشادىكى ئاۋشىۋىتىز (auschwitz) يىغىۋېلىش لاگېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لاگېرلارغا يۆتكەشكە مەسئۇل بولغان. بۇ ئادولف ھىتلېرنىڭ گېرمانىيە ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنى قىرىپ تۈگىتىشنى مەقسەت قىلغان «ئاداققى ھەل قىلىش لايىھەسى»نىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئايكمەن مەزكۇر سىستېمىلىق قەتلىئامنىڭ سىياسەتلىرىنى بېكىتىشكە ئىشتىراك قىلمىغان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا بۇ قەتلىئام پىلانىنى ئۇ ئوتتۇرىغا قويمىغان. لېكىن، ئۇ مەزكۇر سىياسەتنى ئىجرا قىلىدىغان تۈمۈر يول سىستېمىسىنىڭ تەشكىلىي خىزمەتلىرىگە باشتىن ـ ئاخىر قاتناشقان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ناتسىستلار يەھۇدىيلارنى ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىدىغان قانۇنلارنى يولغا قويۇشقا باشلىغان. ھىتلېر گېرمانىيەنىڭ بارلىق پالاكىتىنى يەھۇدىيلاردىن كۆرۈپ، ئۇلاردىن قىساس ئېلىشقا تەشنا بولغان. (ناتسىستلار يولغا قويغان) مەزكۇر قانۇنلاردا يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇشى چەكلەنگەن. يەھۇدىيلار پۇل ـ پۇچەك ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلانغان، شۇنداقلا سېرىق رەڭلىك ئالتە بۇرجەكلىك يۇلتۇز بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن يەڭلىكلەرنى تاقاپ يۈرۈشكە بۇيرۇلغان. يەھۇدىيلار يەنە شەھەردىكى ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن ھېسابلىنىدىغان «يەھۇدىيلار رايونى»دا جۇغلىشىپ ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇرلانغان، يەنى بۇ رايونلار يەھۇدىي تۈرمىلىرىگە ئايلانغان. بۇ يەرلەردە يېمەك ـ ئىچمەك قىس، تۈرمۇش مۈشكۈل ئىدى. لېكىن، «ئاداققى ھەل قىلىش لايىھەسى» جىنايەتنىڭ تېخىمۇ يېڭى باسقۇچى ئىدى. ھىتلېر پەقەت ئىرقى سەۋەبلىكلا نەچچە مىليون يەھۇدىينى قىرغىن قىلىشقا بەل باغلىغانىدى. بۇ ناتسىستلارنىڭ بارچە ئامالالارنى ئىشقا سېلىپ، يەھۇدىيلارنى شەھەرلەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلغىلى بولىدىغان يەرگە ئاپىرىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. مەۋجۇت يىغىۋېلىش لاگېرلىرى زەھەرلىك گاز ئارقىلىق ئادەم ئۆلتۈرىدىغان زاۋۇتلارغا ئايلاندۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ يەردە ھەركۈنى نەچچە يۈزلىگەن ئادەم كۆيدۈرۈۋېتىلەتتى. بۇ خىل

[1] نىگېل ۋاربىرتېن ئەنگىلىيە ئاپېن ئۈنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە پروففېسورى بولۇپ، ئۇنىڭ پەلسەپىگە ئالاقىدار بىر نەچچە بازارلىق كىتابى مەۋجۇت.

يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ نۇرغۇنى پولشادا بولغاچقا، يەھۇدىيلارنى چوقۇم پويىز ئارقىلىق ئاشۇ ئۆلۈمگاھقا يۆتكەشكە توغرا كېلەتتى.

ئايكمەن ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ قىسقىچە ئارخىپى يېزىلغان كىچىك كارتىلارنى ئۆرۈپ-چۆرىگەچ، تېلېفون ئارقىلىق مۇھىم بۇيرۇقلارنى چۈشۈرۈپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ (قارىماققا ئاددىي كۆرۈنىدىغان) مۇشۇ قىلمىشلىرى نەچچە مىليون ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى. بەزىلەر سوغۇقتىن ياكى ئاچارچىلىقتىن ئۆلسە، يەنە بەزىلەر مەجبۇرىي ئەمگەكتە چارچىتىپ ئۆلتۈرۈلەتتى. يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى زەھەرلىك گاز بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ناتسىست گېرمانىيەسىدە پويىز سەپەرلىرىدە ۋاقىتقا قاتتىق رىئايە قىلىنىدىغان بولۇپ، ئايكمەن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر پويىزلارنىڭ ۋاقتى-قەرەلىدە كېلىپ-كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۇنۇمىنىڭ «يۇقىرىلىقى» سەۋەبلىك، مال-چارۋىلارنى يۆتكەيدىغان ۋاگونلارمۇ بوش قالماي، يەھۇدىي ئەر-ئايال ۋە بالىلار بىلەن لىق تولغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈم تامان ئىلگىرىلىگەن بۇ ئازابلىق ئۇزۇن سەپىرىدە كۆپىنچە سۇ ۋە ئوزۇق-تۈلۈك بولمايتتى، بەزىدە يەنە پىژغىرىم ئىسسىققا ياكى قەھرىتان سوغۇققا چىداشقا توغرا كېلەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشانغانلار ۋە بىمارلار يېرىم يولدىلا ئۆلۈپ كېتەتتى.

ئاجىزلاپ ھالىدىن كەتكەن، قورقۇپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەن (سەپەردىن) ئامان قالغۇچى يەھۇدىيلار يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا يېتىپ كەلگەن ھامان ئارقا-ئارقىدىن مۇنچا سىياقىغا كىرگۈزۈلگەن ئۆيلەرگە كىرگۈزۈلۈپ، كىيىملىرىنى سېلىشقا مەجبۇرلىناتتى. ئىشىكلەر ھەم تاقالغاندىن كېيىن، ناتسىستلار زىكلون (Zyklon) زەھەرلىك گازى[2] ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆلتۈرەتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى كۆمۈلۈپ، يېنىدىكى بۇيۇملىرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىناتتى. زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلۈشكە تاللانمىغانلار ئارىسىدىكى بەدىنى قاۋۇلراقلار جاپالىق ئەمگەكلەرگە سېلىناتتى ۋە (شۇنداق بولۇشقا قارىماي) ئۇلارغا تولىمۇ ئاز تاماق بېرىلەتتى. ناتسىست قاراۋۇللار دائىم ئۇلارنى ئۇرۇپ - دۇمبالايتتى، ھەتتا ئۇلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشاتتى.

ئايكمەن بۇ جىنايەتلەرنىڭ سادىر بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. لېكىن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇ بىر ئاماللار بىلەن ئارگېنتىناغا قېچىپ بېرىۋېلىپ، ئىسىم-فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، خېلى يىللار ياشىغان. 1960 - يىلى ئىسرائىلىيە ئىستىخبارات تەشكىلاتى «موسساد» (Mossad) نىڭ جاسۇسلىرى ئۇنى بوئىنوس-ئايرىس شەھىرىدە تېپىپ قولغا ئالغان ۋە ھوشسىزلاندۇرۇپ، ئايروپىلان ئارقىلىق ئىسرائىلىيەگە ئېلىپ كەتكەن.

[2] زىكلون گازى — ناتسىستلار مەھبۇسلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدىغان ئۆيلەردە قوللانغان كۈچلۈك باكتېرىيە ۋە ھاشارەت ئۆلتۈرگۈچ. 1941 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تۇنجى قېتىم پولشادىكى ئاۋشۋىتز (auschwitz) يىغىۋېلىش لاگېرىدا سىناق قىلىنىپ، 600 نەپەر سوۋېت ئۇرۇش ئەسىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان

ئايكمەن ئىنسان قىلىپىدىن چىققان رەزىل هايۋانمۇ؟ باشقىلارنىڭ دەرت ـ ئازابلىرىدىن هۇزۇر تاپىدىغان غەلىتە مەخلۇقمۇ؟ ئايكمەن سوتلىنىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق دەپ قارايتتى. ناتسىستلارنىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقى داۋامىدا ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى مانا مەن دەپ ئېنىق تۇرامدۇ؟ بىر قانچە يىللار مابەينىدە، ئۇنىڭ خىزمىتى باشقىلارنى ئۆلۈمگاھقا ئۇزىتىش بولمىدىمۇ؟ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلغان تۇرۇقلۇق ئاخشاملىرى يەنە خاتىرجەم ئۇخلىيالايدىغان ئادەمنى يالماۋۇز دېمەي نېمە دېيىش مۇمكىن؟

هالبۇكى، كېيىن ئامېرىكاغا كۆچۈپ كەتكەن گېرمانىيەلىك يەهۇدىي پەيلاسوپ خاننا ئارېندىت (Hannah Arendt) «نيۇيوركلىقلار» ژۇرنىلىدا ئايكمەننىڭ سوتلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. ئارېندىت ناتسىست هاكىمىيەتلەق دۆلىتىنىڭ، يەنى كىشىنىڭ ئۆزلۈكى ھەققىدە ئويلىنىشىغا ئىمكان بەرمەيدىغان بىر جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولمىش بۇ ئادەم (ئايكمەن)نى چۈشىنىپ باقماقچى، ئۇنىڭ قانداقسىغا ئاشۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئىشلارنى قىلالىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغان.

ئەلۋەتتە، ئايكمەن ئارېندىت ئۇچراتقان تۇنجى ناتسىست ئەمەس ئىدى. لېكىن، يېرۇسالىمدا ئۇنىڭ قارشىسىدا تۇرغان بۇ ناتسىست (ئايكمەن) ئۆز قىلمىشلىرى ھەققىدە كۆپ ئويلىنىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەتتىكى ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. گەرچە ئۇنىڭ «ئويلىنىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان»لىقى پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئارېندىت دەسلەپتە پەرەز قىلغاندەك قانخور يالماۋۇزلاردىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ باشقا ناتسىستلارغا ئوخشىمايتتى، ئەمما يەنىلا «ئويلانماسلىق»تىن ئىبارەت بىر خەتەرلىك تەرىپى بار ئىدى. رەزىل ئىرقچىلىق ئىدىيەسى قانۇنغا ئايلانغان گېرمانىيەدە ئايكمەننىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئۆزىنى قايىل قىلىشى تەسكە توختىمايتتى. مۇھىت ئۇنىڭغا «مۇۋەپپەقىيەت» قازىنىش پۇرستى ئاتا قىلغان، ئۇ ھەم بۇ پۇرسەتنى تۇتۇۋالغانىدى. ھىتلېرنىڭ «ئاداققى ھەل قىلىش لايىھەسى» دەل ئايكمەننىڭ «مۇۋەپپەقىيەت»نى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشىنىڭ ياخشى پۇرستى بولغانىدى. بۇنى (يەنى «ئايكمەننىڭ خاتالىقى شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇھىتنىڭ مەھسۇلى» دېگەن قاراشنى) ئەقىلگە سىغدۇرۇش تولىمۇ قىيىن، شۇ ۋەجىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئارېندىتنى بۇ جەھەتتە خاتالاشقان دەپ تەنقىدلەشكەن. ئەمما، ئارېندىت ئايكمەننى «مەن پەقەت ئۆز ۋەزىپەمنى ئىجرا قىلدىم» دېگەن سۆزلىرىدە سەمىمىي، دەپ قارىغان.

(ئارېندىتنىڭ نەزىرىدە) ئايكمەننىڭ قىلمىشلىرى بەزى ناتسىستلارنىڭكىدەك يەهۇدىيلارغا بولغان كۈچلۈك ئۆچمەنلىكنىڭ مەھسۇلى ئەمەستەك، ئايكمەن ئۆزى ھەم ھىتلېر كەبى زەھەرخەندە ئەمەستەك قىلاتتى. نۇرغۇن ناتسىستلار بەزى يەهۇدىيلارنى «ياشىسۇن ھىتلېر!» دەپ تۇۋلىمىغانلىقى ئۈچۈنلا، كوچىلاردا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئايكمەن بۇ تىپتىكى ناتسىستلارغا ئوخشىمايتتى. لېكىن، ئۇمۇ ئوخشاشلا ناتسىستلارنىڭ سىياسىي لىنىيەسىنى قوبۇل قىلغانىدى. تېخىمۇ قەبىھ يېرى شۇكى،

ئۇ يەنە مىليونلىغان كىشىلەرنى ئۆلۈمگاھقا تۇشۇپ ئاپارغاندى. ئايكمەن سوتتا ئۆزىگە زىيانلىق پاكىتلارنى ئاڭلىغاندىمۇ ئۆزىنىڭ ئەينى يىللىرى قەيەردە خاتالاشقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئايكمەنگە كۆرە، ئۇ ئەينى يىللىرى ھېچقانداق قانۇن (ناتسىستى قانۇنلىرى)غا خىلاپلىق قىلىپ باقمىغان، ئۆز قولى بىلەن بىرمۇ ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ۋە باشقىلارنىمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇمىغان، شۇڭا ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئەقىلگە مۇۋاپىق ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن قانۇنغا رىئايە قىلىش ھەققىدىكى مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان ۋە ھەرۋاقىت بۇيرۇققا بويسۇنىدىغان قىلىپ تەربىيەلەنگەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرمۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئوخشاش بېجىرەتتى. ئايكمەنچە بولغاندا، ئۇ باشقىلارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلغاچقا، ئۆز «خىزمىتى»نىڭ ئاقىۋىتىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئەمەس ئىدى.

ئايكمەننىڭ مال-چارۋا ۋاگونلىرىغا بېسىلغان مەھبۇسلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىشىنىڭ، ئۆلۈم لاگېرلىرىغا بېرىپ بېقىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ھەم ئۇنداق قىلىپمۇ يۈرمىگەن ئىدى. ئايكمەن ھەتتا سوتتا ئۆزىنىڭ قاننى كۆرسىلا قورقۇپ كېتىدىغانلىقى سەۋەبلىك، دوختۇر بولۇشتىن يالتايغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن، ئۇنىڭ قوللىرى يەنىلا قان بىلەن بويالغاندى. (ئارېندتنىڭ نەزىرىدە) ئايكمەن بىر خىل (تېررورلۇق) تۈزۈمنىڭ مەھسۇلى ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئەيتاۋۇر، مەزكۇر تۈزۈم ئۇنىڭ ئۆز قىلمىشلىرى ۋە شۇ قىلمىشلارنىڭ باشقىلارغا ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە تەنقىدىي تەپەككۇر قىلىشىنى چەكلەيتتى. ئايكمەن باشقىلارنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. (شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك) ئۇ سوت جەريانىدا ئىزچىل ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇۋالغاندى. ئۇ بىر بولسا ئۆزىنى گۇناھسىز دەيتتى، بىر بولسا «مېنىڭ پەقەت ئەينى چاغدىكى قانۇنغا بويسۇنغانلا يېرىم بار» دېگەن باھانە ئارقىلىق ئۆزىنى ئاقلايتتى. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ ئارېندتنى ئالدىۋەتكەن بولىدۇ.

ئارېندت ئۆزىنىڭ ئايكمەننىڭ ۋۇجۇدىدىن ھېس قىلغانلىرىنى «رەزىللىكنىڭ ئادەتتىكىلىكى» (the banality of evil) دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئايكمەن ئادەتتىكى بىر ئىنسان، «ئادەتتىكىچە»لىك يالماۋۇز ئالۋاستىنىڭ ئەمەس، بيۇروكرات سىستېمىنىڭ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ جىنايىتىدۇر. ئايكمەن ناتسىستلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىشىگە يول قويغان تولىمۇ كۆپ ئۈچرايدىغان ئادەملەردىن بىرىدۇر.

(ئارېندتنىڭ نەزىرىدە) ئايكمەنمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى نۇرغۇن ناتسىستلارغا ئوخشاش، مەسىلىلەرگە باشقىلارنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ باھا بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بېكىتىپ بېرىلگەن بەلگىلىمىلەردىن گۇمانلانغۇدەك جاسارىتى يوق ئىدى ۋە شۇ سەۋەبلىك پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاشۇ بەلگىلىمىلەرگە بويسۇنۇشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىمۇ يوق ئىدى.

**ئارېندتنىڭ دېيىشىچە، ئايكمەن ئىدىيەسى تېيىز، كاللىسىنى ئىشلەتمەيدىغان ئادەم ئىدى. ھالبۇكى، كاللىسىنى ئىشلەتمەسلىكمۇ بىر خىل قىلمىشتۇر. ئەگەر ئايكمەن يالماۋۇز بولغان بولسا، قارىغانلا كىشىنى شۈركۈندۈرگەن بولاتتى. ئەمما، كىشىنى تېخىمۇ تەشۋىشكە سالىدىغىنى ئايكمەننىڭ شۇ قەدەر «ئادەتتىكىچە» كۆرۈنگەنلىكىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىغا سوئال قويمىغان، لېكىن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ قەتلىئاملاردىن بىرىگە ئىشتىراك قىلغان «ئادەتتىكى» ئادەمدۇر. گەرچە مۇھىت ئايكمەننىڭ جىنايەت سادىر قىلىشىدىكى ھالقىلىق ئامىلدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇ ئايكمەننىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيتتى. چۈنكى، ئايكمەن قەبىھ بۇيرۇققا بويسۇنغانىدى. ئارېندتنىڭ قارىشىچە، ناتسىستلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغانلىق ھىتلېرنىڭ «ئاداققى ھەل قىلىش لايىھەسى»نى قوللىغانلىقىغا باراۋەر ئىدى. گەرچە ئايكمەن «مەن پويىزلارنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى تۈزۈشتىن باشقا ئىش قىلمىدىم» دەپ تۇرۇۋالسىمۇ، ئۇ شۇ بۇيرۇقلارغا ئېتىراز بىلدۈرمىگەن ۋە ئۇلارنى ئىجرا قىلغانىكەن، قەتلىئامغا ئىشتىراك قىلغان بولىدۇ. ھەتتا، ئايكمەن بىر قېتىملىق سوتتا ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى يوللۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئىممەنۇيېل كانت (Immanuel Kant) نىڭ «ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت نەزەرىيەسى» بويىچە ئىش قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغان ـــ خۇددى بۇيرۇققا بويسۇنۇش ھەر ۋاقىت توغرا بولىدىغاندەك. ئەمما، ئۇ شۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتمىگەنكى، كانتنىڭ نەزىرىدىكى ئەخلاقنىڭ ئاساسى ئىنسانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىلىش ئىدى.**

تەرجىماندىن ئىلاۋە: مەزكۇر ماقالىدە سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلەرنىڭ ۋە سىجىل داۋاملاشقان سىستېمىلىق مېڭە يۇيۇش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئىنسانىنى «مۇستەقىل تەپەككۇرغا، ھېسداشلىققا ئىگە جانلىق»لىق سۈپىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، «بۇيرۇق ئىجرا قىلغۇچى روبوت»قا ئايلاندۇرۇپ قويالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھادىسە يورۇتۇشقا تىرىشىلغان. ئەمما، ھېچكىم بۇ نۇقتا ئارقىلىق بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، ئۇلارنى خارلىغان، ھاقارەتلىگەن، ئۇلارغا ئۆلۈمدىن بەتتەر كۈنلەرنى كۆرسەتكەن قەتلىئام ئىجرائاتچىلىرىنى، ئىشتىراكچىلىرىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇنداق بولمىغىنىدا، ئەتە ـ ئۆگۈن چېن چۈەنگودەك جالالاتلار سوتقا تارتىلغان تەقدىردىمۇ، يۇقىرىدىكى ئايكمەنگە ئوخشاشلا «مەن پەقەت ئىجرائاتچىمەن» دەپ تۇرۇۋالسا، گېپى يوللۇق بولىدىغان ئىش چىقىدۇ. ئەمما، ساغلام ئىنسانىي تەبىئەت بۇ خىل ۋەھشىي قەتلىئام ئىشتىراكچىلىرىنى ھەرقانداق شەكىلدە ئاقلاشنى كەسكىن رەت قىلىدۇ.

**«پەلسەپەنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسەردىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى**



# خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق

مايك پومپېئو

# خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى يۈرگۈزگەن
# ئىرقىي قىرغىنچىلىق

مايك پومپېئو

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى باشقا مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاشلا، ئىنسانىڭ ھاياتىنى ئەزەلدىن قەدىرلەپ باقمىغان. بۇ ھال ئۇنىڭ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، مەدەنىيەت ئىنقىلابى، تيەنئەنمېن مەيدانى قىرغىنچىلىقى، تىبەت ۋە فالۇن گۇڭچىسى مۇرتلىرىنى نەچچە ئون يىللاپ باستۇرۇشى جەريانىدا خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى خەلقلەرگە ئېلىپ كەلگەن قورقۇنچلۇق بالايى ـ ئاپەتلىرىدىن مەلۇم. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەركىن دۇنيا بۇ قانلىق تارىخقا كۆنۈپ كەتتى. بىز سۈكۈت قىلىپ تۇرغانلىقى مۇددەتتە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سەرخىللىرى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى خەلقلەرگە قارىتا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى يۈرگۈزۈشنى داۋام قىلدۇ. بىز بۇ خىلدىكى رەزىللىكنىڭ داۋاملىشىشىغا يول قويمايمىز. ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن، بۈگۈن مەن شۇنى جاكارلايمەنكى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە كونتروللۇقى ئاستىدىكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھالدا، قازاق ۋە قىرغىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلارغا ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگە قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. بۇ جاكارنامە پۈتكۈل يەر شارى مىقياسىدا كۆپ يىللىق ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ، ھۆكۈمەتلەردىن ۋە غەيرى ھۆكۈمەتلەردىن تەشكىل تاپقان شېرىكلىرىمىزنىڭ بۇ قورقۇنچلۇق چۈشنى ئىسپاتلىشىنىڭ، شۇنداقلا دۆلەت مەجلىسىدىكى ئىككىلى پارتىيەنىڭ قوللىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى 2017 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق خەلقنى «قايتا تەربىيىلەش» باھانىسى بىلەن لاگېرلارغا يىغىۋالدى. بىر نەچچە ئاي ياكى بىر نەچچە يىل داۋاملاشقان قارا ـ قويۇق تۇتقۇن قىلىش زامانىمىزنىڭ بۇ گۇلاگ رايونىدا ئادەتتىكى ھادىسىگە ئايلىنىپ قالدى. لاگېر شاھىدلىرى لاگېرلاردىكى باسقۇنچىلىق قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، توكقا سوققۇزۇپ جازالاش ئارقىلىق مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش ۋە نامەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىق پاجىئەلەرگە گۇۋاھلىق بەردى. لاگېر سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھالىنىڭ بۇنىڭدىن ياخشىراق بولۇشى ناتايىن. شەرقىي تۈركىستان نۆۋەتتە جورج ئورۋېل تەسۋىرلىگەن كۆزىتىش دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قورساقتىكى بالىنى

مەجبۇريي چۈشۈرۈۋېتىش ۋە ئاياللارنى تۇغماس قىلىۋېتىش قىلمىشى مېنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلىنىۋاتقان جىنايەتلەرنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلدى دەپ قارار چىقىرىشىمنىڭ ئاساسىدۇر. بالىياتقۇغا مەجبۇريي ئۈزۈك سېلىش قاتارلىق ھامىلدارلىقتىن توسۇش تەدبىرلىرىمۇ مەۋجۇت. لاگېر شاھىدلىرىدىن بىرى «ئۇلار بىزنى مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىۋەتمەكچى» دېگەن ئىدى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنى خىتايلار بىلەن تويلىشىشقا مەجبۇرلىدى، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتتى. 2018-يىلىدىن 2019-يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتى 24 پىرسەنت تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە پۈتكۈل خىتاي مىقياسىدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتى ئاران 4.2 پىرسەنت تۆۋەنلىدى. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ھەر قانداق نىشانغا ئېلىنغۇچى توپقا زەھەرلىك گاز قويۇپ بەرگەن بولۇشى ياكى نىشانغا ئېلىنغۇچى توپنى ئوققا تۇتقان بولۇشى شەرت ئەمەس.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىش ھەرىكىتىدە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئەمەلدارلىرى خەلقئارالىق كۆزەتچىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا چەكلىمىسىز ھالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنى رەت قىلىپ، مەزكۇر رايوندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئائىت ئىشەنچىلىك خەۋەرلەرنى يالغانغا چىقاردى. شى جىنپىڭ رېجىمى لاگېرلارنى يەرلىك خەلقنى تەربىيىلەش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر ۋاستە دەپ ئاقلىدى. كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇشىنى چەكلەش قىلمىشىنى ئاياللارغا ھوقۇق بەرگەنلىك دەپ تەشۋىق قىلدى. ئىشنىڭ ھەقىقىتى بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ۋەھىمىلىكتۇر. خىتاي خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشى، باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى خەلقلەرنى باستۇرغانغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە نوپۇسىنى يوق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇش تىركىشىشىنىڭ ئەمەلىيىتىدۇر. ئامېرىكا بۇ دەھشەتلەرنى ئاشكارىلاشتا ۋە بۇ جىنايەتلەرنى ئىشلەۋاتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشتە دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلدى. 2019-يىلى مارت ئېيىدا بىز كانادا، گېرمانىيە، گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قانچە يائالىيەتكە ساھىبخانلىق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە قىلىنغان بۇ كەڭ كۆلەملىك قەبىھ ھۇجۇمدىن دۇنيانى ئاگاھلاندۇردۇق. بىز ئامېرىكانىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مەجبۇريي ئەمگەككە يانتاياق بولماسلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. بىز شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشتا قولى بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك كومپارتىيە رەھبەرلىرىگە جازا يۈرگۈزدۇق. بىز يەنە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن باستۇرۇشنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ ئاتىغان تۇنجى دۆلەتمىز. ئامېرىكانىڭ تۇنجى قېتىملىق دۆلەت ئىشلىرى سېكرېتارى توماس جېفىرسون مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «كىشىلەرنىڭ

كۆپچىلىكى دۆمبىسىدە ئىگەر بار ھالەتتە تۇغۇلغان ئەمەس، ۋەياكى ئازغىنە كىشىلەر — تەۋرىنىڭ لۈتپى بىلەن — ئىگەر ئۆستىدە ئولتۇرۇپ، ئاتنى نوقۇيدىغان تۆمۈرى بار ئۆتۈك كىيگەن ھالەتتە تۇغۇلغانمۇ ئەمەس.»

ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى شەرقىي تۈركىستانغىلا مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بۇ خىل ھەرىكەتلەر يەنە ئامېرىكانىڭ قۇرغۇچىلىرى تەشەببۇس قىلغان ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتكىمۇ خىلاپتۇر. ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازلىرىغا قوشۇپ، ناتسىست گېرمانىيىسى، رۋاندا، بوسنىيە ۋە دارفۇر قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەن جايلاردىن قايتقان ئەكس سادالارنىمۇ ئاڭلىماقتا. مەن باشقا بارچە دۆلەتلەرنىڭمۇ ئاشۇ ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازىنى ۋە ئەكس سادالارنى ئاڭلىشىنى، بۇ ئەسىرنىڭ قارا دېغى ھېسابلانغان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلىگەن جىنايەتلىرىگە قارشى گۇۋاھلىق بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئەسكەرتىش: ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئورگان تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان بۇ ماقالە يېڭى ھۆكۈمەت ھاكىمىيەتكە چىقىشى بىلەن مەزكۇر تور بېكەتتىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن. ئۇلىنىشى ماقالىنىڭ ئاخىرىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ئۇلىنىش شۇ.)

## خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايىتىگە قارشى مايك پومپېئونىڭ قارارى

### مايك پومپېئو

ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى كىشىلىك ھوقۇقىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىشتا دۇنياغا باشلامچىلىق قىلىپ كەلدى. ئامېرىكالىقلار نۇرېمبېرگ سوتىدىن (the Nuremberg Trials) تارتىپ 1948 ـ يىلىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىگىچە (the Genocide Convention)، شۇنداقلا ئاتالمىش «ئىراق ـ سۈرىيە ئىسلام دۆلىتى»نىڭ (ISIS) يېقىنقى مەزگىلدە يەزىدىلەرگە، خىرىستىئانلارغا ۋە باشقا دىنىي ئېتىقادتا ئىگە خەلقلەرگە قارشى يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغىچە (بولغان زوراۋانلىقلارغا نىسبەتەن) رەزىللىك تەرىپىدىن ئاۋازى بوغۇلغانلارنىڭ تەرەپتارى بولدى؛ ھەقىقەتنى، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ۋە ئادالەتنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كەلدى. بىز ھەرگىزمۇ بىرەر خەلقئارالىق سوت مەھكىمىسىنىڭ، كۆپ پارتىيىلىك ياكى كۆپ دۆلەتلىك ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ مەجبۇرلىشى،

ياكى ئۆز دۆلىتىمىزدىكى سىياسىي ئەندىشىلەر سەۋەبلىك بۇنداق قىلمىدۇق. بەلكى، ھەقسىزلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ تەرەپتارى بولۇش توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق.

ھۆكۈمىتىمىز ئۆتكەن تۆت يىلدا مېڭە يۇيۇش ۋە ۋەھشىيلەرچە كۈچ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى خەلقلەرنى ئۇزاق يىللاردىن بېرى دەپسەندە قىلىپ كەلگەن، ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم ئىدىئولوگىيىسىنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالغان خىتاي كوممۇنىستىك رېجىمىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، بۇ رېجىمنى ئۇنىڭغا لايىق نامىلار بىلەن ئاتاپ كەلدى. ھۆكۈمىتىمىز خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان رەزىل سىياسەتلىرىگە ئالاھىدە دىققەت ئاغدۇرۇپ كەلدى. بىز ھەر قانداق دىنىي ئېتىقادقا ئىگە توپلۇملارغا دائىما قاتتىق دۈشمەنلىك بىلدۈرۈپ كەلگەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى خەلقلەرگە قارشى بارغانچە كۈچەيتىۋاتقان زۇلۇملىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇردۇق.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىيانە ھەرىكەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان قولىمىزدىكى دەلىل ـ پاكىتلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىۋاتقان يەرلىك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارغا ۋە قازاق، قىرغىز قاتارلىق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى خەلقلەرگە قارشى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان زۇلۇمىنى 2017 ـ يىلى مارت ئېيىدىن ئېتىبارەن كۈچلۈك رەۋىشتە ئاشۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. خىتاي ئۇيغۇرلار مۇسۇلمانلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى تەقىپ قىلىش ئۈچۈن لاھىيىلەنگەن، ھەددىدىن زىيادە ئەخلاقسىزلىقتا تولغان، غايەت زور كۆلەمدىكى دەپسەندىچىلىك سىياسىتى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ساياھەت، كۆچمەنلىك، مائارىپ ئەركىنلىكىگە چەكلىمە قويۇپ، يىغىلىش، سۆزلەش، ئىبادەت قىلىش قاتارلىق ئەقەللىي ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى چەكلەپ كەلدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي رەۋىشتە تۇغماس قىلىۋەتتى، قورساقتىكى باللىرىنى چۈشۈرۈپ يوق قىلدى. ئۇيغۇرلارنى يات مىللەتلەر بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاپ، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتتى.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى خەلقئارالىق كۆزەتكۈچىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشىغا يول قويمىدى، شەرقىي تۈركىستاندا ئەھۋالنىڭ ناچارلىشىۋاتقانلىقىغا ئائىت ئىشەنچىلىك خەۋەرلەرنى يالغانغا چىقىرىش بىلەن بولدى قىلماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى مائارىپ تەربىيىسى بىلەن بەختلىك ياشاۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ تېرروروغا قارشى تۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقى، (ئۇيغۇرلارنى) نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كويىدا بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق قۇرۇق سەپسەتىلەرنى بازارغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىتاي كوممۇنىستىك رېجىمى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى خەلقلەرگە ۋەھىمە سالغۇچى ئۇچۇرلارنى تارقىتىپ، ئۇيغۇرلارنى «زەھەرلىك ئۆسمە» دەپ تەسۋىرلىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيە كادىرلىرىنى زەربە

بېرىش ھەرىكىتىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشتىراك قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارغا «زىرائەتلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنىۋالغان ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى بىرمۇ بىر يۇلۇپ يوق قىلىمەن دېسىڭىز يوق قىلالمايسىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوق قىلىش ئۈچۈن خىمىيىلىك دورا چېچىش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەردى.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ناتسىستلار جازا لاگېرىدىكى دەھشەتلەرنى ئاشكارىلىغاندىن بېرى، «ھەرگىز قايتا يۈز بەرمىسۇن» سۆزى مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ بۇ خىلدىكى كۆلپەتلەرگە قارشى چاقىرىقى بولۇپ كەلگەن ئىدى. بىر يىرگىنچلىك جىنايەت بىزنىڭ ئۆتمۈشتە كۆزەتكىنىمىزدىن پەرقلىق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ يىرگىنچلىكلىكى تۆۋەنلەپ قالمايدۇ. (شۇ ۋەجىدىن) بۈگۈن مەن تۆۋەندىكىلەرنى قارار قىلدىم:

1. مەن قولغا چۈشۈرگىلى بولىدىغان دەلىل ئىسپاتلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە كونتروللۇقى ئاستىدىكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇيغۇرلارغا ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگە قارشى جىنايەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئىشلىگەنلىكىنى (جاكارلاشنى) قارار قىلدىم. خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئىنساننى خالىغانچە تۇتۇپ ـ سولاپ، ئۇلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قويۇش ۋە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش، مەجبۇرىي ھالدا تۇغماس قىلىۋېتىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، سۆز ئەركىنلىكىنى ۋە ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى قاتتىق چەكلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى نۇرېمبېرگ سوتىدا ئۇرۇش دەۋرىدىكى قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگۈچىلەر ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزدى دەپ ئەيىبلىنىپ سوتقا تارتىلغان بولۇپ، شۇ دەۋردىكى قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگۈچىلەر ئىشلىگەن جىنايەتنىڭ ئوخشىشى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتىدۇ.

2. قولغا چۈشۈرۈش مۇمكىن بولغان دەلىل ـ پاكىتلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، مەن شۇنى جاكارلايمەنكى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە كونتروللۇقى ئاستىدىكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ۋە باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرگە قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى داۋاملىشىۋاتىدۇ دەپ قارايمەن. شۇنداقلا، بىز خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۆلىتىنىڭ پىلانلىق رەۋىشتە ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىۋېتىشكە تىرىكىشىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولۇپ تۇرماقتىمىز. دۇنيادىكى ئىككىنچى كۈچلۈك ئىقتىسادقا، ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە بولغان، سىياسىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولغان (خىتاي دۆلىتىنى) باشقۇرۇۋاتقانلار ئۆز دۆلىتىنى

دۇنياغا لېدىرلىق قىلغۇچى دۆلەت دەپ جار سېلىپ، خەلقئارالىق سېستىمىنى ئۆز خاھىشى بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىشقا تېپىرلاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىي رەۋىشتە ئاسىمىلاتسىيە سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئاقىۋەتتە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاجىز بىر مىللەتنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقانلىقىنى ئېنىق رەۋىشتە ئىپادىلىدى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئۆزى قارا ـ قويۇق تۇتقۇن قىلغان بارچە شەخسلەرنى دەرھال قويۇۋېتىشكە، تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى دەرھال تاقاشقا، كىشىلەرنى ئۆيلىرىگە بەنت قىلىشتىن قول ئۈزۈشكە ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە خاتىمە بېرىشكە؛ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، مەجبۇرىي ھامىلە چۈشۈرۈۋېتىش، مەجبۇرىي تۇغقۇت چەكلەش ۋە بالىلارنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىش قاتارلىق مەجبۇرىي رەۋىشتە نوپۇسنى كونترول قىلىش قىلمىشلىرىدىن قول ئۈزۈشكە چاقىرىدۇ. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئىنسانلارنى ھەر خىل شەكىلدە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىشتىن يېنىشقا، لاگېرلارغا سولانغانلارنى خورلاشنى توختىتىشقا؛ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋە خىتاينىڭ ھەر قانداق يېرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى خەلقلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن قول ئۈزۈشكە؛ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئۇيغۇرلارغا ۋە زۇلۇم كۆرگەن باشقا مىللەتلەرگە ساياھەت قىلىش ۋە كۆچمەن بولۇش ئەركىنلىكى بېرىشكە چاقىرىدۇ.

بىز يەنە يۇقىرىقىدەك جىنايەتلەرنى يۈرگۈزۈشتە مەسئۇلىيىتى بولغان شەخسلەرنى جاۋابكارلىققا تارتىشتا بارچە قانۇنىي گەۋدىلەرنى ئامېرىكانىڭ بۇ ھەقتىكى تىرىشچانلىقىغا ھەمدەمدە بولۇشقا چاقىرىمىز. مەن ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان جىنايەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك دەلىل ـ پاكىتلارنى توپلاشقا ۋە تەكشۈرۈشكە يېتەكلىدىم. شۇنداقلا، قانۇن يول قويغان دائىرىدە مەزكۇر دەلىل ـ پاكىتلارنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىككە يەتكۈزدۇم. بۇ جەھەتتە ئامېرىكا سۆز ۋە ھەرىكەتتە بولدى، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمغا رىياسەتچىلىك قىلغان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا ۋە بۇ زۇلۇمغا ھەمدەم بولغان خىتاي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىغا قارشى جازا يۈرگۈزدى.

ئامېرىكا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە باش رەئىس شى جىنپىڭنىڭ گۆشگىلاشتۇرۇش، ئۆز سەنىمىگە دەسسىتىش ۋە مەجبۇرلاش ۋاستىلىرى ئارقىلىق يوشۇرۇشقا ئورۇنغانلىرىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلغان جىنايەتلىرى ئۇيغۇرلارغا، خىتاي خەلقىگە ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەدەنىي خەلقلەرگە قىلغان ھاقارەتتۇر. بىز (خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە) سۈكۈت قىلمايمىز. ئەگەر خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۆز پۇقراسى ھېسابلايدىغان خەلق ئۈستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە يول قويۇلسا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە تېخىمۇ قاپ يۈرەكلىك بىلەن ئەركىن دۇنياغا قارشى نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققايسىلەر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلغان

مەنبە:

[1] https://www.state.gov/404

[2] https://www.wsj.com/articles/genocide_in_xinjiang_11611078180



# پەرزەنت تەربىيىسى:
# تېلېۋىزور كۆرۈشنىڭ بالىلارغا بولغان زىيىنى

ئەلىسا سولتېر

# تېلېۋىزور كۆرۈشنىڭ بالىلارغا بولغان زىيىنى

**ئەلسا سولتېر**

## تېلېۋىزورنىڭ كىچىك بالىلارغا بولغان تەسىرى

تېلېۋىزور مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. نۇرغۇنلىغان ئاتا ـ ئانىلار تېلېۋىزورنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرىدىن ئەندىشە قىلماقتا. تېلېۋىزورنىڭ كىچىك بالىلار ئۈچۈن ياخشى كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى ۋە بىلىم مەنبەسى ئەمەسلىكى ھەققىدە كۆپ ساندا تەتقىقاتلار مەۋجۇت.

تىجارەت تۈسىدىكى تېلېۋىزور قاناللىرىدىكى نۇرغۇنلىغان بالىلار پروگراممىلىرى زوراۋانلىقنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، بالىلار يەسلىگە بارماي تۇرۇپلا ئۆز ھۆجرىلىرىدا كۆپلىگەن ئېلىشىش، يارىلاندۇرۇش ۋە قورال بىلەن ئېتىشىش قاتارلىق زوراۋانلىق سەھنىلىرىنى كۆرىدۇ. بەك ساغلام دەپ قارالغان كارتون فىلىملەردىمۇ بىر ـ بىرىنى ئۇرىدىغان پېرسوناژلار مەۋجۇت.

سەككىز ياشلىق بالىلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، تېلېۋىزوردىن ئەڭ كۆپ زوراۋانلىق سەھنىلىرىنى كۆرگەن بالىلار، مەكتەپتىكى تەڭتۇشلىرى تەرىپىدىن ئەڭ زوراۋانلار بولۇپ باھالانغان. قىزلار ھەققىدە بۇنى توغرا دېگىلى بولمايدۇ. بەلكىم بۇنىڭ سەۋەبى كۆپلىگەن تېلېۋىزور پروگراممىلىرىدا زوراۋان ئايال پېرسوناژلارنىڭ بولماسلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تەتقىقاتلار تېلېۋىزور كۆرۈشنىڭ ھەققەتەن زوراۋانلىققا باشلايدىغان ياكى باشلىمايدىغانلىقىنى بەلگىلىمەيدۇ، تېلېۋىزورنىڭ بۇنداق تەسىرى بار ـ يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن بىر قاتار تەجرىبە خاراكتېرلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان. بۇ تەتقىقاتلارنىڭ بىرىدە بىر گۇرۇپپا بالىلارغا زوروۋانلىق مەزمۇن قىلىنغان فىلىم كۆرسىتىلگەن بولۇپ، باشقا بىر گۇرۇپپا بالىلارغا بولسا (سېلىشتۇرما گۇرۇپپىسى) زوراۋانلىق مەزمۇن قىلىنمىغان فىلىم كۆرسىتىلگەن. تەجرىبە نەتىجىسى زوراۋانلىق مەزمۇن قىلىنغان فىلىمنى كۆرگەن گۇرۇپپىدىكى بالىلارنىڭ سېلىشتۇرما گۇرۇپپىغا قارىغاندا زوراۋانلىققا تېخىمۇ مايىل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇ تەتقىقاتتىن تېلېۋىزوردا كۆرگەن زوراۋانلىقنىڭ بالىلاردا زوراۋان ۋە ئەسەبىي قىلمىشلارغا يول ئاچىدىغانلىقىدەك نەتىجىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تېلېۋىزور كۆرۈش زوراۋانلىققا كارى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قېلىشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. تېلېۋىزوردا زوراۋانلىق كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگەن بالىلارنىڭ ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن زوراۋانلىققا قارىتا ئانچە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرمىغانلىقى ئېنىقلانغان بولۇپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بالىلار زوراۋانلىققا كۆنۈپ كەتكەچكە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەندە نورمال ئىشتەك تۇيغۇدا بولىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان. زوراۋانلىقنى كۆرگەندە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرالايدىغان، قارشى تۇرالايدىغان بالىلارنى تەربىيىلىسەك دۇنيا تېخىمۇ ياخشى ۋە گۈزەل بولغان بولاتتى. بەلكىم شۇ چاغدىلا بالىلار زوراۋانلىقنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا، بۇ خىل ناچار ئەھۋالنى تۈزىتىشكە تىرىشاتتى.

تېلېۋىزوردا زوراۋانلىقتىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان بالىلارنى قورقىتىدىغان ۋە گۇمان پەيدا قىلىدىغان سەھنىلەرمۇ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ سەھنىلەر بالىلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورقۇنچلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارا ۋە جانلىق ھالەتتە كۆز ئالدىدا نامايەن قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، تېلېۋىزور يەنە يېڭى قورقۇشلارنىڭ ۋە خاتا چۈشەنچىلەرنىڭمۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بالىلار ئىچىدىكى قورقۇش تۇيغۇسىنى يېڭىش ئۈچۈن توختىماي قورقۇش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان پروگراممىلارنى كۆرۈش ئارزۇسىدا بولىدۇ ۋە ئاقىۋەتتە شۇنداق پروگراممىلارغا خۇمار بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈمىدلىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، چۈنكى تېلېۋىزور ئۇلارنى ھېچقاچان ئىچىدىكى قورقۇش تۇيغۇسىنى يېڭىدىغان مۇھىت بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ.

تېلېۋىزور ھەم ئاۋاز ھەم كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋاستە بولۇپ، بۇ ئەھۋالدا بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى جارى قىلدۇرىشىغا بوشلۇق قالمايدۇ. تېلېۋىزور كۆرىدىغان بالىلار ئاڭلىغانلىرىنى چۈشىنىدىغان، لېكىن بۇنىڭغا ئانچە تەسەۋۋۇر كۈچىنى قوشالمايدىغان پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تېلېۋىزورنى كۆپ كۆرۈش بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى يوقىتىپ، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئىشلىتىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. تېلېۋىزور كۆرىدىغان بالىلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ كىچىك بالىلار ئۈچۈن نورمال بولمىغان ۋە ھېچكىم خالىمايدىغان بىر ئەھۋال.

بالىلىق دەۋرىدە ئاكتىپ ۋە ئىجادىي ئويۇنلار ئەڭ ياخشى ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. تېلېۋىزور ھەقىقىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ، ئەكسىچە مەنىلىك ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئوغرىلاش خەترىنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال بالىنىڭ زېھنىي ئىقتىدارىنى ئاستىلىتىۋېتىدۇ. 1982-يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقاتتا مەلۇم بولۇشىچە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر ئامېرىكىلىق بالىنىڭ ھەپتىدە 20-15 سائەت سائەت ۋاقتى تېلېۋىزور كۆرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان، بۇ كۈنىگە ئىككى، ئۈچ سائەتكە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، مۇشۇ ئىككى-ئۈچ سائەت ۋاقىت بالىنىڭ ئويغاق ۋاقتىدىكى سائەتلەردىن ئوغرىلانغان ۋاقىتتۇر.

توختىماستىن تېلېۋىزوردا سۆزلەنگەنلەرنى ئاڭلاشنىڭ بالىنىڭ تىل قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئىكەنلىكى ئېيتىلىسمۇ، ئەمەلىي ئەھۋال بۇنداق ئەمەس. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئەڭ كۆپ تېلېۋىزور كۆرگەن بالىلارنىڭ تىل قابىلىيىتى ئەڭ تۆۋەن بولىدىكەن. باشقا كىشىلەر بىلەن ئاكتىپ مۇناسىۋەت ئورنىتىش پۇرسىتى بولمىغان بالىلارنىڭ تىل قابىلىيىتى تەرەققىي قىلالمايدۇ.

تېلېۋىزورنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پايدىسىز تەرەپلىرىدىن سىرت، نۇرغۇنلىغان تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا جىنسىي ئايرىمچىلىقى نامايان بولماقتا. ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ كۆپ مەسئۇلىيەت ئۈستىگە ئالغان، ئەڭ ھەرىكەتلىك پېرسوناژلار ئادەتتە ئەرلەر بولۇپ، بۇ ئەھۋالدا بىراز ياخشىلىنىش باردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن يەنىلا كۈچلۈك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ئايال پېرسوناژ ئاز ھېسابلىنىدۇ. تېلېۋىزور ئادەتتە ئايال پېرسوناژلارنى ئاجىز، دۆت، پاسسىپ، ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان، كەيپىياتىغا تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان جىنسىي ئوبيېكتىپ سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئاياللارنىڭ ئېزىلىشىگە يانتاياق بولىدۇ.

قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئېلانلارنى ناھايىتى تايىنى يوق دەپ قارايدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئېلانلارنىڭ كىچىك بالىلارغا ناھايىتى ئۆزگىچە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. ئېلانلار دىققەت تارتىدۇ ۋە ئىجادچان بولىدۇ، بالىلارنىڭ ئېلان قىلىنغان ئويۇنچۇق ۋە يېمەكلىكلەرگە ئىگە بولۇشقا ئىنتىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئائىلىدە توقۇنۇشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. كىچىك بالىلار ئېلانلارنىڭ سېتىش مەقسىتىدە ئىشلەنگەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئېلاننىڭ بىر كىملەرنىڭ پايدا ئېلىشى ئۈچۈن ئىشلەنگەنلىكىنى ۋە ئېلانلاردا رول ئالغانلارنىڭ ھەق ئالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئېلانلارنىغا راست دەپ ئىشىنىدۇ، ھەتتا پروگرامما ئارىلىقىدا چىققان ئېلاننى كۆرۈۋاتقان پروگراممىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئويلىشىۋالىدۇ. بالىلار پروگراممىلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرى بازارغا سېلىنغاندا پروگراممىا ئۆزىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئويۇنچۇق ئېلانىغا ئايلىنىدۇ. داۋاملىق بۇنداق پروگراممىلارنى كۆرىدىغان بالىلار ئويۇنچۇقلارغا مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ.

دەسلەپكى بالىلىق مەزگىلىدە بالىلار ھەقىقىيلىقنى مەنىگە ئىگە قىلىشقا ئۆگىنىدۇ، بىر تەرەپتىن ناھايىتى كۈچلۈك تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى ۋە ئاسان بولمىغان ئىشلارنىڭ بىرى بولسا ئەمەلىيەت بىلەن تەسەۋۋۇر مەھسۇلاتى بولغاننى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتۇر. تېلېۋىزور بۇنىڭدا كاللىنى قايمۇقتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بولۇپمۇ ھەقىقىي پېرسوناژلار بولغىنىدا بالىلار ئۈچۈن ھېكايىنىڭ ھەقىقىي ياكى ئويدۇرۇلغان بولۇشى ھەر ۋاقىت ئانچە يارقىن ئەمەس. ئاتا-ئانىلار كۆرۈش جەريانىدا تېلېۋىزوردىكى خەۋەرلەرگە مەھكۇم بولغان نۇرغۇنلىغان بالىلاردا بۇ قايمۇقۇش ئېشىپ بارىدۇ. خەۋەرلەرنىڭ راست ئىكەنلىكى شۈنچىلىك ئېنىق تۇرسا، باشقا پروگراممىلار نېمىشقا راست بولمىسۇن؟ بالىلار تېلېۋىزوردا كۆرگەن پېرسوناژلار كارتون فىلىم پېرسوناژلىرى بولسىمۇ، بالىلارنىڭ شۇ پېرسوناژلارنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەنلىكى

ئىسپاتلانغان. تېلېۋىزورنىڭ باللارغا بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلدىغان تەتقىقاتچىلار رېئاللىق بىلەن تەسەۋۋۇر ئارىسىدىكى بۇ قايمۇقۇش ئۇستىدە توختالغاندىن كېيىن، «كىچىك باللار ئۈچۈن تېلېۋىزورنىڭ ناھايىتى زىيانلىق» دەپ خۇلاسى چىقارغان.

## تېلېۋىزورنىڭ كىچىك باللارغا بولغان تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

ھەم ئىستىمالچى ھەم ئەستايىدىل بىر ئاتا ـ ئانا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، باللار پروگراممىلىرى ئىشلىگۈچىلەرگە ۋە ئېلانغانلارغا مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراشلىرىڭىزنى بىلدۈرۈش ھەققىڭىز بار. بۇ پروگراممىلاردىكى زوراۋانلىق، ئىرقىي كەمسىتىش ياكى جىنسىي ئايرىمىچىلىقتىن بىئارام بولۇۋاتقان بولسىڭىز، نارازىلىقىڭىزنى ئىپادىلەپ ئۇلارغا خەت يېزىشتىن باش تارتماڭ. كۆرگۈچىلەر پروگراممىلاردىكى سەلبىي نۇقتىلارغا قارشى چىقمىسا، تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

پروگراممىلارنىڭ مەزمۇنىنىڭ بۇ مەسىلىنىڭ پەقەتلا كىچىك بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى يەنىلا ئۇنۇتماسلىق كېرەك. تېلېۋىزور كۆرۈش بولۇپمۇ كىچىك باللارغا نىسبەتەن پايدىسىز. تېلېۋىزورنىڭ زىيانلىرىنى بايقىغان بىر قىسىم ئائىلىلەر تېلېۋىزور ئالماسقنى قارار قىلغان بولۇپ، ئۆيىگە تېلۋېزور سېتىۋالماسلىق مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تېلېۋىزورلىرىنى بىر ئاي ئاچماسلىققا ۋەدە بەرگەن 15 ئائىلە بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتا، باشتىكى تېلېۋىزورسىز كۈنلەرگە كۆنۈش مەسىلىدىن كېيىن ناھايىتى ياخشى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، باللار ئۆي ۋە باغچا ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆپ ياردەملەشكەن، تېخىمۇ كۆپ كىتاب ئوقۇغان، تالادا تېخىمۇ كۆپ ئوينىغان، بىرلىكتە ئويناىدىغان ۋاقتىمۇ ئۇزارغان ۋە باللار ئۇخلاشقا كۆنۈشكە باشلىغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆيلەردە تېخىمۇ ياخشى مۇھىت شەكىللەنگەن ۋە تاماق يېگەن ۋاقىتلارنى ھوزۇر ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. ئائىلە ئەزالىرى بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ يېقىن ھېس قىلىشقا باشلىغان. مارىيا ۋىننىڭ «بالامنى ئۇنۇتتۇم» ناملىق كىتابىدا تېلېۋىزور كۆرۈشنى چەكلەش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى تەۋسىيەلەر بار.

نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر ئۈچۈن تېلېۋىزورنى بىراقلا يوق قىلىۋېتىش تولىمۇ ئېغىر كېلىشى مۇمكىن. كۆپىلىگەن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى كۆرۈش ئۈچۈن تېلېۋىزور ئالىدۇ. ئائىلىدە تېلېۋىزور بولمىسىمۇ، باللار بىر مەزگىلدىن كېيىن دوستلىرىنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشكە باشلايدۇ. تېلېۋىزور ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۆيىڭىزدە بولسىمۇ، بولمىسىمۇ باللىرىڭىزغا بولغان تەسىرىنى ئويلىشىشىڭىز كېرەك.

تېلېۋىزورنى دائىم بالا باققۇچى سۈپىتىدە قوللىنىۋاتقان بولسىڭىز، تۇنجى قەدەمىڭىز ئازراق بوش ۋاقىت تېپىش ئۈچۈن باشقا ئامالالارنى ئىزدەش بولسۇن. ھەپتىدە بىر نەچچە سائەت كېلىدىغان بىر بالا باققۇچىنىڭ ھەققىنى تۆلىيەلەمسىز؟ يېقىن ئەتراپتا ئولتۇرىدىغان، بالىڭىز بىلەن بىللە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتىن خۇشال بولىدىغان دوستىڭىز ياكى تۇغقىنىڭىز بارمۇ؟ بىر ۋاقىلىق تاماق بەدىلىگە بالىلىرىڭىز بىلەن ئۆيىڭىزدە بىر سائەت ئۆتكۈزەلەيدىغان بىر ئوقۇغۇچى ياكى ياشانغان بىرىنى تونۇمسىز؟ ئەتراپىڭىزدا سىزدەك بوش ۋاقىتقا ئېھتىياجلىق ۋە ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى قېتىم بالا بېقىش ۋەزىپىسىنى ئالمىشىپ ئۈستىگە ئالالايدىغان ئاتا ـ ئانىلار بارمۇ؟

بالىلىرىڭىزنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشىنى چەكلەشكە ئۇرۇنغاندا، مۇستەبىت ئۇسۇللارنى قوللىنىشىڭىز ئانچە ئۈنۈملۈك بولماسلىقى مۇمكىن. ھېچقانداق چۈشەنچە ۋە تالاش ـ تارتىش قىلماي تۇرۇپ، بالىڭىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى دىققەتكە ئالماي تېلېۋىزورنى ئېتىۋېتىشىڭىز نەتىجىلىرى تېلېۋىزور كۆرۈشكە يول قويغاندەكلا ناچار ئاقىۋەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. تۆت ياشلىق قىزى بار بىر ئانا ماڭا بۇ ھەقتىكى مۇنداق تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بەردى:

ئالدىنقى كۈنى قىزىم «سۇسام كوچىسى» پروگراممىسىنى كۆرۈۋاتقاندا تېلېۋىزورنى ئېتىۋەتتىم ۋە «ھازىر باشقا ئىش قىلىمىز» دېدىم. كېيىن ئۈستىلىمىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. قىزىم دۈمبەمگە شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدىم.

بالىلارنىڭ تېلېۋىزورنى ئاز كۆرۈشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئامالى ئۇلارغا جەلپ قىلارلىق پائالىيەتلەر سۇنۇشتۇر. كىچىك بالىلارنىڭ قول ھۈنىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىغان ناھايىتى كۆپ كىتاب بار بولۇپ، بالىلىرىڭىزنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈش ۋاقتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا قارار قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئايلارچە ياكى يىللارچە تېلېۋىزور كۆرگەن بولسا، بۇ ھەقتە دەرھال ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى كۈتەلمەيسىز. تېلېۋىزور سەۋەب بولغان پاسسىپلىقتىن قۇتۇلۇش ۋاقىت كېتىدىغان بىر ئىش بولۇپ، بالىلىرىڭىز ئۆز قابىلىيەتلىرىگە ئىشىنىشنى ئۆگەنگۈچە ئىچى سىقىلىپ جېدەل قىلىشلىرىغا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىڭىز كېرەك. تېلېۋىزور تۇيغۇلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بىر كونترول قېلىپى ھالىتىگە كەلگەن بولسا، تۇرمۇشىدا تېلېۋىزورنىڭ ئورنى ئازىيىشى بىلەن ئېشىپ بارىدىغان كۆز ياشلىرى ۋە نەپرەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشىڭىز كېرەك.

بالىلىرىڭىز بىر قىسىم پروگراممىلارنى كۆرۈش ئۈچۈن چىڭ تۇرسا، سىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ پروگراممىنى كۆرۈڭ. بۇ نۇرغۇن نۇقتىدىن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق قىلىش نېمە كۆرگەنلىكىنى ۋە بۇلارغا قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقىنى بىلىشىڭىزگە ۋە تېلېۋىزور سەۋەبىدىن بالىڭىز بىلەن ئوتتۇرىڭىزدا پەيدا بولىدىغان توقۇنۇشنى ۋە ئارىلىقنى يوقىتىشقا پايدىلىق. بالىلىرىڭىز بىلەن بىللە تېلېۋىزور كۆرۈش، پروگراممىلار ھەققىدە باھا بېرىشكە ۋە بالىڭىز بىلەن بۇ

پروگراممنى تالاش ـ تارتىش قىلىشىڭىزغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە جىنس ئايرىمچىلىقى، زوراۋانلىق ۋە ئېلانلار ھەققىدە مۇنازىرىگە ئۆتەلەيسىلەر. بىر پروگراممىنى كۆرۈۋېتىپ، ئۆز ـ ئارا باھا بېرىش تېلېۋىزور كۆرۈشنىڭ ماھىيىتىدە بار بولغان پاسسىپلىقنى تەڭشەيدۇ. بىرلىكتە تېلېۋىزور كۆرۈش ئارقىلىق بالىلارنىڭ بۇ پروگراممىلار سەۋەبىدىن تۇغۇلغان قورقۇش تۇيغۇسى ۋە باشقا تۇيغۇلىرىنى يېڭىشىغا ياردەم قىلالايسىز.

بالىڭىز بىلەن بىرلىكتە بىر تېلېۋىزور پروگراممىسى كۆرۈۋېتىپ قورققانلىقنى ھېس قىلسىڭىز، كۈلكىلىك گەپلەرنى قىلىپ كۈلۈشكە تۇرتكە بولالايسىز. بالا تېلېۋىزوردا كۆرگەن بىر نەرسىدىن بەك قورقسا ئۇنى كۈلۈشكە ياكى يىغلاشقا يېتەكلىسىڭىز بولىدۇ. قىزىم بىلەن مۇنداق بىر ئەسلىمىمىز بار:

سارا بەش ياشقىچە پەقەت بىر نەچچە فىلىم كۆرگەن بولۇپ، بىركۈنى دوستىنىڭ ئۆيىدىكى تېلېۋىزوردا ئۇنى ناھايىتى قورقۇتىدىغان سەھنە كۆرۈپتۇ. ئىچىدە كىشىلەر بولغان بىر ماشىنا قىيادىن چۈشۈپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇ ئۆيىگە كەلگىنىدە قورققان ۋە كۆڭلى يېرىم ئىدى. بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، لېكىن ماڭا سەۋەبىنى ئېيتمىدى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن پەرەزلىرىمنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى قورقۇتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلدىم. قىزىم 35 مىنۇت يىغلىدى ۋە مەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇردۇم. يىغىدىن توختىغىنىدا خۇشال كۆرۈنەتتى، پۈتۈن كېچە يامان چۈش كۆرمەي ئۇخلىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭدا قورقۇش تۇيغۇسى قالدۇرمىدى، لېكىن نەچچە ئايغىچە دوستىنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور كۆرۈشتىن قاچتى.

يۇقىرىقى مىسال تېلېۋىزورغا قارىتا كۆرسىتىلگەن مۇبالىغە قىلىنغان بىر ئىنكاستەك بىلىنىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ئەسلىدە تېلېۋىزور يۈزىسىدىن ئەتراپىدىكى ئىشلارغا كارى يوق مۇئامىلە قىلىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالمىغان ۋە تۇيغۇلىرىنى باستۇرۇشنى ئۆگەنمىگەن ساغلام بىر بالىنىڭ نورمال ئىنكاسى.

ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈشنى چەكلەشكە ئۇرۇنغان بىر ئانا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، بەزىدە ئاچچىقلاپ، بەزىدە كاللىڭىز قايمۇقۇپ ۋە قىزغىنلىقىڭىز ئاجىزلاپ كېتىشى مۇمكىن. ھېس قىلغانلىرىڭىزنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىپادىلىسىڭىز تېخىمۇ پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. سۆزلىگەنلىرىڭىزنى ئاڭلاپ بېرىدىغان بىر قۇرامىغا يەتكەن كىشى تېپىشقا تىرىشىڭ، تۇيغۇلىرىڭىز ئاشكارلانغانچە تېخىمۇ كەڭ قورساق ۋە مۇستەبىت يېقىنلىشىشنى قوبۇل قىلىشقا تاقابىل تۇرۇش قولايلىششى مۇمكىن، شۇندىلا بۇنى يېڭىش ئۈچۈن ئائىلىدە ئىجادىي چارىلەر تاپالايسىز.

«بالىڭىزغا قۇلاق سېلىڭ» ناملىق ئەسەردىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى



# ئەسلىمىلىرىمىز بىزنى ئالدىغان چاغدا

# ئەسلىملىرىمىز بىزنى ئالدىغان چاغدا

بىز ئەسلىملىرىمىزنى قەدىرلەيمىز. ئۇ بىزنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز ۋاقىتلىرىمىزنى ۋە ھاياتلىق ھېكايىلىرىمىزنى ئەسلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا بىزگە كىم ئىكەنلىكىمىزنى ۋە باشقىلارنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ئالىملار «بىز خاتىرىمىزگە ۋە ئۆز ھاياتىمىزغا ئىشىنەلەمدۇق؟» دېگەندەك ئۆزگىچە سوئاللارنى چۆرىدەپ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. جېنىفېر تومپسون (Jennifer Thompson) شىمالى كارولىنا ئىنستىتۇتىنىڭ 22 ياشلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، مەلۇم بىر كۈنى كېچىدە ئۆز ئۆيىدە باشقىلار تەرىپىدىن باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان. جېنىفېر ساقچىلارنىڭ جىنايەتچىنى تېپىشى ئۈچۈن ۋەقە جەريانىدا جىنايەتچىنىڭ تەققى ـ تۇرۇقى ۋە بەدەن ئالاھىدىلىكلىرىنى دىققەت بىلەن ئەسلەشكە يۈزلەنگەن. ۋەقەدىن كېيىن جېنىفېر ساقچىلارنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغۇچى جىنايەتچىنىڭ رەسىمنى تەييارلىشىغا ياردەملىشىپ، ساقچىلار تەييارلىغان رەسىملەر ئىچىدىن جىنايەت گۇماندارىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئاقىۋەتتە، جېنىفېر سوت مەھكىمىسىدە جىنايەتچىنىڭ رونالدو كاتىن (Ronaldo Jr. Cotton) ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە باسقۇنچىلىق قىلغۇچىنىڭ كاتىننىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرگەن. كاتىن كېيىن بايقالغان DNA ئارقىلىق ئىسپاتلاش تېخنولوگىيىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەقىقىي جىنايەتچىنى جەزىملەشتۈرۈپ بولغۇچە تۈرمىدە ئاللىقاچان ئون بىر يىلنى ئۆتكۈزگەن ۋە گۇناھسىزلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. جېنىفېر جىنايەتچىنى خاتا تونۇغان. ئۇنىڭ خاتا گۇۋاھلىقى نۇرغۇن مىساللار ئىچىدىكى پەقەتلا بىر مىسال خالاس. بۇ خىل مىساللار كۆپ بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر تۈرمىگە تاشلىنىپ نەچچە يىلدىن كېيىن نەق مەيدان DNA ئىسپاتى تېپىلىپ، گۇناھسىزلىقى ئېنىقلانغاندا قويۇپ بېرىلگەن. يالغۇز ئامېرىكا بىلەن كانادادىلا DNA ئىسپاتى بىلەن 350 دىن ئارتۇق جىنايى ئىشلار دېلوسىنىڭ خاتا ھۆكۈمگە تايانغانلىقى ئىسپاتلانغان بولۇپ، جىنايەت گۇماندارىنى تەسۋىرلىگۈچىلەر ئىچىدە نەق مەيداندا مەۋجۇت گۇۋاھچىلارنىڭ يەتمىش پىرسەنتى ئادەمنى خاتا تونۇغان. DNA تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، دېلودا خاتا ھۆكۈم چىقىرىلغانلىقى ئېنىقلانغاندا، گۇۋاھچىلار ئۆزلىرىنىڭ خاتا گۇۋاھلىق بەرگىنىگە ئىشىنەلمەي قېلىشقان.

گۇۋاھچىلارنىڭ يالغان خاتىرىسى ئەمەلىيەتتە ئەڭ ھەقىقىي خاتىرە بولۇپ، مانا بۇ ئىنسان خاتىرىسىنىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسىدۇر. مەخسۇس ئىنسانلارنىڭ خاتىرىسى ۋە ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يىگىرمە يىللىق تەتقىقات نەتىجىسىگە

ئاساسلانغاندا، نەق مەيدان گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسى ئەسلىدە كىشىلەر ئويلىغاندىكىدىن كۆپ تۆۋەن بولۇپ، قانۇن سىستېمىسىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن كاتىنىنىڭ دېلوسىدىكىگە ئوخشاش، **DNA** تەكشۈرۈشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش كېرەك بولىدۇ. **1990**ـ يىلى مۇتەخەسسىسلەر ئەستە ساقلاشنىڭ سىن ھۆججەتلىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى، ئۆزگىرىشچانلىقتىن ئىبارەت كەمچىلىكىنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، قانۇن سىستېمىسى تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ خىل بايانلىرىنى تەجرىبەخانىدىكى ئەخمىقانە ئويۇن دەپ قاراپ، گۇۋاھچىلارنىڭ ئۆزىمۇ سەزمەستىن خاتا گۇۋاھلىق بېرىش مەسىلىسىنى ئومۇمەن نەزەردىن ساقىت قىلغان.

**DNA** تەكشۈرۈشى بۇ ساھەدە چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان. **DNA** تەكشۈرۈشىنىڭ توغرىلىقىغا ئائىت دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشىغا ئەگىشىپ، نەق مەيدان گۇۋاھچىلارنىڭ خاتىرىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ، خەلقئارادا ئالقىشقا ئېرىشكەن مۇتەخەسسىس ۋېلىس **(Wells)** ئامېرىكا ئەدلىيە ئورگىنىغا نەق مەيدان گۇۋاھچىلارنىڭ خاتىرىسىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلىنغان. ۋېلىس تەتقىقاتچىلار تەجرىبىخانىسىدا قوللانغان مۇنداق بىر سىناقنى ئېلىپ بارغان. ۋېلىس ئايرودرومدا بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ چامادانى بىلەن باشقا بىر ئادەمنىڭ چامادانىنى ئالماشتۇرىۋالغان بىر كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن **90** سېكونتلۇق بىر سىن فىلىمنى سىناققا قاتناشماقچى بولغان كىشىلەرگە كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارغا بۇ سىننى دىققەتتى بىلەن كۆرۈشنى ئېيتقان، ئاندىن ئۇلارنى ساقچىغا ئوخشاش بىرمۇ بىر زىيارەت قىلغان. زىيارەت جەريانىدا ۋېلىس ئاۋۋال قاتناشقۇچى ھەر بىر شەخستىن چامادانىنى ئالماشتۇرىۋالغان ئاشۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى تەسۋىرلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، قاتناشقۇچىلار ئۇنىڭ سوئالىغا تەپسىلىي جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن، ۋېلىس ئۇلاردىن گۇمانلىق ئالتە ئادەمنىڭ رەسىمى ئىچىدىن  ئايرودرومدا چامادان ئالماشتۇرىۋالغان ھېلىقى ئادەمنىڭ رەسىمىنى تونۇپ جەزىملەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. ئەمەلىيەتتە سىناققا قاتناشقۇچىلار ھەقىقىي جىنايەتچىنىڭ رەسىمىدىكى ئۇ ئالتە كىشى ئىچىدە يوقلۇقىنى بىلمەيدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ۋېلىسنىڭ دېگىنى بويىچە رەسىمى كۆرسىتىلگەن ئالتە كىشى ئىچىدىن ئۆزى جەزىملەشتۈرگەن بىرىنى چامادان ئالماشتۇرۇۋالغۇچى شۇ دەپ تاللىغان. تەجرىبىگە قاتناشقۇچىلار جىنايەتچىنى جەزىملەشتۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا ۋېلىس ئۇلارغا ئىجابىي ئىنكاسلارنى بەرگەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ھەتتا بەزى قاتناشقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تاللىشىغا توقسان پىرسەنت جەزىم قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. سىناق ئاخىرلاشقاندا ۋېلىس ئۇلارغا چامادان ئالماشتۇرۇۋالغۇچىنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ «ئەگەر مەن جىنايەتچىنىڭ مۇشۇ بولۇشى مۇمكىنلىكى  توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن بولسام، سىز بۇ كىشىنى جىنايەتچى دەپ جەزملەشتۈرەمتىڭىز؟»دەپ سورىغاندا، قاتناشقۇچىلار «مەن ھەرگىز بۇ كىشىنى تاللىمىغان بولاتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ۋېلىس قاتناشقۇچىلارغا ئۇلار جىنايەتچىنى جەزملەشتۈرۈش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ئىجابىي ئىنكاس بەرگەنلىكىنى ئەسلەتكەندە، ئۇلار ئۇنىڭ ئىجابىي ئىنكاسلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرغانلىقىنى، ئۆزىنى توغرا ھۆكۈم چىقاردىم دەپ ئويلىشىغا تۈرتكە بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ۋېلىس ۋە باشقا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ساقچىلارنىڭ رەسمىگە قاراپ جىنايەتچىنى جەزملەشتۈرۈش جەريانىدا نەق مەيدان گۇۋاھچىلارغا بەرگەن بۇ خىل ئىجابىي ئىنكاسى ئامېرىكا ۋە كانادادا ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇنداق قىلىش ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. نەق مەيدان گۇۋاھلىقى جەريانىدا ساقچىلارنىڭ گۇۋاھچىلارغا ئېيتقان «ئۇ بىز گۇمان قىلىۋاتقان ئادەم شۇ» دېگەندەك ئىجابىي ئىنكاسلىرى گۇۋاھچىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدىكەن. ساقچىلارنىڭ گۇۋاھچىلار تاللىغان جىنايەت گۇماندارىنى جەزملەشتۈرۈشى ئەمەلىيەتتە گۇۋاھچىلارنىڭ خاتىرىسىنى ئاشۇ كىشىگە مۇقىملاشتۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولۇپ، ئۆزلىرى جىنايەت گۇماندارى دەپ تاللىغان، ساقچىلار تەستىقلىغان شەخس ئۇلارنىڭ خاتىرىسىغا ئورناپ كېتىشكە باشلايدىكەن.

ئۇنداقتا خاتىرلىرىمىز نىمىشقا بۇنداق ئۆزگىرىدۇ؟ بۇنىڭغا قارىتا نېرۋا ئىلمى ساھەسىدە بىرەر چۈشەنچە بارمۇ؟

نېرۋا ئىلمى مۇتەخەسسىسى ۋە ئاستا يۈگۈرۈش مەستانىسى ستېۋ رامىرېزنىڭ **(Steve Ramirez)** بىلدۈرۈشىچە، خاتىرىلەر ئەسلەنگەندە ـ بولۇپمۇ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئاسانلا ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن. بىز خاتىرلىرىمىزنى قايتا ئەسلىگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇ بىر تۈرلۈك موم شەكلىگە ئۆزگىرىدىغان بولۇپ، بۇ خىل ھالەتتە خاتىرلىرىمىز ناھايىتىمۇ ئاسان ئۆزگىرىشكە ئۇچرايدىكەن. ھەر قېتىم ئۇنى قايتا ئەسلىگىنىمىزدە بولسا قايتا ـ قايتىلاپ ئېرىپ ناھايىتىمۇ نازۇك ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇپ قالىدىكەن. شۇڭلاشقا خاتىرلىرىمىزنى ئاكتىپلاشقان نېرۋا ھۈجەيرىسى ۋە ئاكتىپلاشمىغان نېرۋا ھۈجەيرىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغان فىزىكىلىق جەريان، نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئارىسىدا شەكىللەنگەن يىغى ئۇلىنىش دەپ قاراشقا بولىدىكەن. خاتىرلىرىمىزنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەب بولسا، بىزنىڭ چوڭ مېڭىمىز تەجرىبىگە ئاساسەن ئۆزگىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىمىزدە ۋە ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەن ھەر قانداق ئىش چوڭ مېڭىمىزنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتەلەيدىكەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ئۆزى بىر ئۆزگىرىش، ئۆزى بىر تەجرىبە بولۇپ، خۇددى يىپىپىڭى كودنى باشتىن ئاخىرى قايتا يېزىپ چىققىنىمىزغا ئوخشايدىكەن. بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ بۇنى يامان غەرەز بىلەن قىلمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ پەقەت جىنايەت سادىر بولۇۋاتقان ۋاقىتتىكى ئوخشىمىغان خاتىرىلەرنى توپلاش دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئەمما، ساقچىلارنىڭ گۇۋاھچىغا بىر مۇنچە رەسىملەر ئارىسىدىن جىنايەت گۇماندارىنى تونۇتۇشى

ئاقىۋەتتە گۇناھسىز بىر كىشىنىڭ ھاياتىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

داڭلىق پسىخولوگ ئېلىزابېت لوفتۇس (Elizabeth Loftus) ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچى گۇۋاھچىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ئىلمىي ئاجىزلىقىنى نۇرغۇن تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، نەق مەيدان گۇۋاھلىقى جىنايەت سادىر بولغان نەق مەيدانغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇ چوقۇم ساقچىلارنىڭ زىيارىتى ۋە جىنايەت گۇماندارىنىڭ رەسىمىنى تەييارلاش جەريانىدىكى يۇز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان تۇرلۇك ئامىللاردىن ساقلىنىشى كېرەك ئىكەن. كىشىلەرنىڭ بارماق ئىزى سىرتقى ئامىللارنىڭ تەسىرگە ئۇچرىسا، ئۇنىڭ بارماق ئىزى مەلۇماتى ئىشەنچلىك بولمىغىنىدەك، ئەگەر ئۇنىڭ نەق مەيدان گۇۋاھلىقى سىرتقى ئامىللارنىڭ تەسىرگە ئۇچرىسا، ئوخشاشلا نەق مەيدان گۇۋاھلىقىمۇ ياخشى ئىسپات بولالمايدىكەن. مانا بۇ دەل جېنىفېرنىڭ ئىككى پارچە رەسىمنى كۆرۈپ جەزىم قىلالمىغاندىن كېيىن، خاتىرىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ رەسىمنىڭ بىرىنچى پارچىسىدىكى كاتتىننى تالللىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. جېنىفېرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇ ساقچىلار كۆرسەتكەن ئالتە پارچە رەسىم ئىچىدىن ناھايىتى تېزلا تۆت پارچىسىنى ئېھتىماللىق دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلىغان. ئاندىن ئۇچىنچى پارچە رەسىمنى تاللاپ، رەسىمدىكى كىشىنىڭ جىنايەتچى بۇلۇش مۇمكىنلىكىنى ئېيتقاندا، ساقچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ كىشىدىن گۇمانلانغانلىقىنى بىلدۈرگەن. نەتىجىدە جېنىفېر ئۆز قارارىدىن خاتىرجەملىك ھېس قىلغان ۋە ساقچىلارنىڭ ئىجابىي ئىنكاسى يۈزىسىدىن سوتتا جىنايەتچىنى جەزم قىلىش قارارىدا قەتئىي تەۋرەنمىگەن. جېنىفېرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ۋەقەسىدە، سۈرەتنى كۆرۈش ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان. نەق مەيدان گۇۋاھلىقتا ئۇنىڭغا قايتا بىر قېتىم توغرا قىلغانلىقى ئېيتىلغانلىقتىن ئىشەنچىسى تېخىمۇ كۈچەيگەن.

كاتتىننىڭ گۇناھسىزلىقى شىمالى كارولىنادا كۆپ غۇلغۇلا قوزغىغان بولۇپ، بۇ شتات نەق مەيدان شاھىتلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى ئۈچۈن مەجبۇرىي ئىسلاھات تەلەپ قىلىدىغان قانۇن ماقۇللىغان تۇنجى شتات بولۇپ قالغان. مەزكۇر شتاتتا بۇ جەھەتتە ساقچى خادىملىرىنىڭ قايسى كىشىنىڭ گۇماندار ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى شەرت قىلىنغان بولۇپ، باشقا شتاتلارمۇ ئىنسان مېڭىسىنىڭ خاتىرىسىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئاساسەن بۇ ئىسلاھاتقا ئەگەشكەن. ئىنسان مېڭىسىنىڭ خاتىرىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ تېز سۈرئەتتە يۈكسىلىشى سوت مەھكىمىسىدىكى ناتوغرا پەرەزلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا ئالاقىدار قىزىقارلىق مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. ئىنسان مېڭىسىنىڭ خاتىرىسى توغرىسىدىكى ئىلىم بىزنىڭ ئەسلىمىلىرىمىز، ئائىلىمىز ۋە ئۆزىمىز توغرىسىدا نېمە دەيدۇ؟ ئارىمىزدا ئۆز ھاياتىمىزغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان ئىشەنچلىك گۇۋاھچى بارمۇ؟

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى، بېرلىن تېمىنىڭ يىقىلىشى، مەلىكە دىئانانىڭ (Princess Diana ) ئۆلۈمى قاتارلىق ئالاھىدە ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە ئۆزلىرىنىڭ قەيەردە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ھېسسىي خاتىرلىرى بار ئىكەن. نېرۋا ئىلمى مۇتەخەسسىسىنىڭ دېيىشىچە، بۇ «چاقماق لامپا خاتىرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر بۇنىڭغا زور دەرىجىدە ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بايقىغان. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن فىلىپس (phelps) ئەترىتى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇلاردىن «ھۇجۇمدىن قانداق خەۋەردار بولدىڭىز؟ ۋەقە يۈز بەرگەندە قەيەردە، كىم بىلەن ئىدىڭىز؟ “ دېگەندەك سوئاللارنى سورىغان. ئاندىن كېيىن فىلىپس ئۇلارغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەكشۈرۈشنى بىر، ئۈچ ۋە ئون يىلدىن كېيىن قايتا ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە ھەتتا ئىشەنچلىك دەپ قارالغان «چاقماق لامپا خاتىرىسى»مۇ خام خىيال بولۇپ چىققان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەقە، پارتلىغان مۇنارلارغا بولغان ئەسلىمىسى ياخشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قالغان خاتىرلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن. فىلىپسنىڭ دېيىشىچە ئەگەر ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىتتىن كېيىنلا ئەستە قالغان خاتىرىمىز بىلەن بىر يىلدىن كېيىنكى خاتىرىمىز سېلىشتۇرۇلسا، ۋەقە تەپسىلاتىدا تەخمىنەن ئەللىك پىرسەنت ئەتراپىدا ئۆزگىرىش بولىدىكەن. ئۇ تەكشۈرۈش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ بىرىنچى قېتىم «ۋەقە يۈز بەرگەندە نېمە ئىش قىلىۋاتاتتىڭىز؟» دېگەن سوئالغا بەرگەن جاۋابى بىلەن، بىر يىلدىن كېيىن ئوخشاش سوئالغا بەرگەن جاۋابى پەرقلىق بولغانلىقىنى بايقىغان. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، كىشىلەرنىڭ خاتىرىسى ئادەتتە بىر يىلدىن كېيىن ئۆزگىرىشكە باشلايدىكەن. كىشىلەر ئۈچ يىلدىن كېيىنكى خاتىرىسىگە 100% ئىشەنچ قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ خاتىرىسىنىڭ كۆپ قىسمى بىرىنچى يىلىدا ئۆزگىرىپ بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى بولسا كىشىلەرنىڭ خاتىرىسى بولماستىن بەلكى ھېكايىسى بولۇپ، توغرىلىق دەرىجىسى ئەللىك پىرسەنت ئەتراپىدا بولىدىكەن. بىزنىڭ خاتالىششىمىزنىڭ مەلۇم سەۋەبى شۇكى، ئىنسانلار ھاياتىدا يۈز بەرگەن ھەممە ھەيران قالارلىق مىنۇتلارنى ئەستە تۇتۇشقا قادىر بولالمايدىغان بولۇپ، ئىنسانلار مەقسەتسىز ھالدا بۇ بوشلۇقنى مۇۋاپىق ھېكايە بىلەن توشقۇزىدىكەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ بىزنى راس بىلەن يالغاننى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى كەمتۈك «رازۋېدچىك»قا ئايلاندۇرۇپ قويىدىكەن.

ئەنگلىيە لوندون ئونىۋېرستىتىنىڭ پسخولوگى، «خىيالى خاتىرە» دېگەن كىتابنىڭ يازغۇچىسى دوكتور جۇلىيا شاۋنىڭ (Julia Shaw) قارىشىچە، ئىنسان ھەر قېتىم بىرەر نەرسىنى ئەسلىگىنىدە چوڭ مېڭىدىكى ئەسنى ساقلاش ھۈجەيرىلىرى ئاكتىپلىشىدىغان بولۇپ، ئەسلىمە ھەر قېتىم ئەسلەنگىنىدە، ئۇنىڭدا مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگۈرۈش يۈز بېرىدىكەن. شۇڭلاشقا بۇ خاتىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىگەندە ئىنسان پەقەت ئاخىرقى قېتىم ئېسىدە قالغىنىنىلا ئېسىگە ئالالايدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە

ئەگىشىپ بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۆز ئارا بىرىكىپ ئەس ـ خاتىرىنىڭ ئەسلى ھالىتىدىكىدىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىدىكەن. گەرچە ئىنسان ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، بۇ خاتىرە ھەقىقىي خاتىرە بولالمايدىكەن. فىلىپسىنىڭ خىزمەتدىشى جوسېف لودىكىس (Joseph Ledoux) فىلىپسىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلايدىغان بىر فىلىم ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ فىلىمدە ئۆزگىرىشچان خاتىرىمىزنىڭ مەڭگۈ ئىشەنچىسىز ئىكەنلىكى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئامېرىكادىكى داڭلىق رادىئو تارقاتقۇچى برايىن ۋىلىيامس (Brian Williams ) بىلەن ھىلارى كىلىنتون (Hillary Clinton ) خاتا ھالدا چەتئەلدىكى خەتەرلىك دۆلەتلەردە قۇراللىق ھۇجۇمغا ئۇچرىغىنىنى ئەسلىگەن. ئۇنداقتا ئۇلار بۇنى قەستەن كۆپتۈردىمۇ ياكى ئۆز ھېكايىلىرىنى خاتا ئەستە ساقلىۋالدىمۇ؟ ئىسپاتلىنىشىچە، خاتىرىلەر قايتا سۆزلەش، قايتا پەيدا بولۇش ۋە قايتا باشتىن كەچۈرۈشكە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىكەن. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ يىگىرمە يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋەقەگە بولغان خاتىرىمىز بىلەن يىگىرمە يىل ئىلگىرىكى ھەقىقىي ۋەقەلىك ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بولىدىكەن.

ئۇنداقتا گەرچە بىز خاتالاشقان بولساقمۇ، مېڭىمىزدە بىزنى توغرا قىلغانلىقىمىزغا شۇنچە ئىشەندۈرگۈدەك زادى نېمىلەر يۈز بېرىدۇ؟ خاتىرىلەر ئادەتتە چوڭ مېڭىنىڭ ھەممە يېرىدە ساقلىنىدىغان بولۇپ، كۈندىلىك خاتىرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ مېڭىدىكى «hippocampus» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك رايوندا ساقلىنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەسىرى كۈچلۈك ياكى بەك خەتەرلىك ۋەقەلەر «Amygdala» دەپ ئاتىلىدىغان باشقا بىر رايوندا ساقلىنىدىكەن. يەنى، ھاياتلىق پائالىيەتلىرىمىزدىكى ئاددىي بىر شەخسىي خاتىرىمىز چوڭ مېڭىنىڭ «hippocampus» رايوندا ساقلىنىدىكەن، ئەگەردە بۇ 11 ـ سېنتەبىر تېررورلۇق ۋەقەسىگە ئوخشاش تەسىرى كۈچلۈك ۋەقە بولسا، ئۇ چاغدا «amygdala» ئاكتىپلىشىپ، «hippocampus»نىڭ بۇ خاتىرىنى ساقلىشىغا ياردەم بېرىدىكەن. نەتىجىدە بىزنىڭ ئېسىمىزدە قالىدىغىنى، كىم بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىمىز ياكى نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمىز ئەمەس، بەلكى پارتىلاش بولىدىكەن.

فىلىپسىنىڭ قارىشىچە مەركىزىي خاتىرە بىزنى قايمۇقتۇرۇپ، نەتىجىدە ئەگەشمە خاتىرىلىرىمىزنىڭ راستلىقىغا ئىشەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىكەن. بىزنىڭ 11 ـ سېنتەبىر تېررورلۇق ۋەقەسىگە بولغان خاتىرىلىرىمىز بەكمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئادەتتە يەككە ۋەقەگە بولغان يۇقىرى ئىشەنچىمىز مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا شۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تەپسىلىي خاتىرىمىزگە ئېقىپ كىرىدىكەن. لېكىن بۇ خاتىرىمىزنىڭ نورمال خىزمەت فۇنكسىيىسى بولۇپ، بۇ ھال چاقماق لامپا خاتىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى خاتىرىلىرىمىزنىڭ بارچە تۈرلىرىدە يۈز بېرىدىكەن. يېشىمىزنىڭ چوڭىيىشى ۋە ھاياتلىق تەجرىبىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ خاتىرىلىرىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىز بارغانسېرى ئاشسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى تۆۋەنلەيدىكەن.

بىز ئۆزىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ تۇرۇپ يەنە شۇنچە خاتا ھالدا ئەستە تۇتۇۋېلىشىمىز بەزى تەتقىقاتچىلاردا «يالغان خاتىرىلەرنى مەقسەتلىك پەيدا قىلغىلى بولامدۇ؟» دېگەن سوئاللارنى پەيدا قىلغان. نېرۋا ئىلمى مۇتەخەسسىسى ستېۋ رامىرىز (Steve Ramierez) بىلەن شۇ ليۇ (Xu Liu) ماساچۇستس تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئالقىشقا ئېرىشكەن بىر تەجرىبە ئىشلىگەن. بۇ ئىككى ئالىم بۇ تەجرىبىنى ساندۇقتا ئوخشايدىغان كامېردا چاشقاننىڭ پۇتىنى يېنىك دەرىجىدە توك تەپكۈزۈپ ئۇنىڭدا توك سوققۇشتىن قورقۇش خاتىرىسى پەيدا قىلىش بىلەن باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خاتىرە جەريانىغا قاتناشقان بىگموتتىكى يەككە مىڭە ھۈجەيرىلىرىنى پەرقلەندۇرۇپ چىققان. ئاندىن كېيىن ئۇلار بۇ ھۈجەيرىلەرگە لازىر نۇرىغا ئىنكاس قايتۇرىدىغان شەكىلدە گېن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇ قورقۇنچ خاتىرىسىنى تاقاپ ئاچالايدىغان دەرىجىدە كونترول قىلغان. ئارقىدىنلا يۇقىرى تېخنىكىلىق چوڭايتىپ كۆرسىتىش ئۈسكىنىسى بىلەن بۇ ئۆزگەرتىش قىلغان ھۈجەيرىلەرنى كۆزەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىملار چاشقاننى باشقا بىر رەڭلىك بۆلۈمچىگە سالغان ۋە توك تەپكۈزمەستىن پەقەت چاشقاننىڭ مېڭىسىگە لازىر نۇر چۈشۈرۈپ قورقۇنچ خاتىرىسىنى ئاكتىپلاشتۇرغان. بۇ چاغدا ئادەمنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى چاشقان گەرچە بىخەتەر مۇھىتتا بولسىمۇ، ئۇنىڭدا پۇتىغا يېنىك دەرىجىدە توك تەپكۈزگەندە يۈز بەرگەن ئەھۋالغا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلگەن. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئالىملار يالغان خاتىرە پەيدا قىلىش ئارقىلىق ھەقىقىي خاتىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغان ئىككىنچى قېتىملىق تەجرىبىنى سىناق قىلغان بولۇپ، بۇ قېتىمدا ئۇلار چاشقاننى بىخەتەر بۆلۈمچىگە كىرگۈزگەن ۋە بىخەتەر خاتىرىگە قاتناشقان چوڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرىنى پەرقلەندۇرۇۋالغان. ئاندىن ئالىملار چاشقاننى باشقا بۆلۈمچىگە كىرگۈزۈپ يېنىك دەرىجىدە توك تەپكۈزگەن، شۇنداقلا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە چاشقاننىڭ ئىلگىركى بىخەتەر بۆلۈمچىدىكى خاتىرىسىنى ئاچقان. ئىككىنچى كۈنى چاشقان دەسلەپكى بىخەتەر بۆلۈمچىگە قايتۇرۇلغاندا، چاشقاندا توك سوقۇش يۈز بەرگەنگە ئوخشاش ئالامەت كۆرۈلگەن. خۇلاسە شۇكى، چاشقاننىڭ مېڭىسىگە كىرگۈزۈلگەن يالغان قورقۇنچ خاتىرىسى بىخەتەر مۇھىتنى قورقۇنچلۇق مۇھىتقا ئۆزگەرتىۋەتكەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئەس ـ خاتىرىنى كونترول قىلىش ئىدىيىسى جاراھەتتىن كېيىنكى بېسىم قالايمىقانچىلىقىدىكى (PTSD ) پاسسىپ خاتىرىلەرنى يوقىتىش ۋە ئاكتىپ كەيپىياتى بىلەن ئاۋاز تەڭشەش قاتارلىق ساھەلەردە ئۈمىد پەيدا قىلىدىكەن.

ئۇنداقتا قانداق قىلىپ ئىنسانلارنى كۈچلۈك رەۋىشتە غىدىقلىماستىن ياكى ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە لازىر نۇر چۈشۈرمەستىن ئۇلاردا يالغان خاتىرە پەيدا قىلغىلى بولىدۇ؟ ئېلىزابېت لوفتوس (Elizabeth Loftus ) نۇرغۇن داڭلىق تەجرىبىلەرنى ئىشلىگەن بولۇپ، ھەتتا ئۇ كىشىلەردە كىچىك ۋاقىتىدا بۆلجۈرگەن تەملىك ماروژنىغا ئۆچ ياكى ئاسپاراگاسقا ئامراق بولۇشتەك يالغان خاتىرىلەرنى پەيدا قىلغان. ئېلىزابېت يەنە توشقان قورچاق ھېكايىسىنى توقۇپ چىقىپ ئۇنى ئېلانغا چىقارغان، ئاندىن

دىسنىي باغچىسىغا بارغانلاردىن توشقان قورچاق توغرىسىدا سورىغاندا، گەرچە دىسنىي باغچىسىدا ئەزەلدىن توشقان قورچاق بولۇپ باقمىغان بولسىمۇ، بىراق كىشىلەر توشقان قورچاقنىڭ ئۆزلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ توشقان قورچاقنىڭ قۇيرىقىنى سىلىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ ئىنسانلاردىكى «خىيالى خاتىرە» بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا يالغاندىن توقۇلغان توشقان قورچاق ھېكايىسى سەۋەب بولغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كىشىلەرنىڭ ئەسلا ئۇچرىشىپ باقمىغان، ئۇچرىشىپ قېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان شەيئىلەرگە ئۇچراشقانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغىلى بولىدىكەن. يالغان خاتىرىنى — ئەگەر ئۇ كىشىلەرنىڭ تەكلىپىنىڭ مەھسۇلاتى بولغان تەقدىردە — تېخىمۇ كۈچلۈك ئىشەنچ بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدىكەن.

تەتقىقاتچىلار ئېلىزابېت لوفتۇسنىڭ ئىزىنى بېسىپ، كانادانىڭ مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ تەتقىقات جىنايى جاۋابكارلىقتا يالغان ئىقرارغا ئېرىشىشنىڭ نەقەدەر ئاسان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. جۇلىيا شاۋ (Julia Shaw) تەخمىنەن ئاتمىش ئوقۇغۇچىغا قارىتا سىناق ئېلىپ بارغان بولۇپ، سىناق نەتىجىسىدە سىناق ئوبيېكتى بولغان ئاتمىش ئوقۇغۇچىنىڭ يەتمىش پىرسەنتى ئەزەلدىن يۈز بېرىپ باقمىغان جىنايەت ياكى زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، گەرچە بۇ جىنايەت يۈز بېرىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ جەريانىدا قورالنى قانداق ئاتقانلىقىنى، قانداق ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. سىناقنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي ئەھۋال خەۋەر قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىدىكى بۇ يالغان خاتىرىگە ئىشىنەلمەي قالغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، بىز خاتىرىمىزنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى بىلەن ئوينىشىۋاتقان بولۇپ، بىزدە بار بولغىنى يېڭىدىن تەڭشەلگەن، ھېچ بولمىغاندا بۇرمىلانغان خاتىرە ئىكەن. ئۇنداقتا بىز خاتىرىلىرىمىزنى ئەسلىگەن ۋاقتىمىزدا چوڭ مېڭىمىزدە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ خاتىرىلىرىمىز قانداق ۋاقىتتا يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن يېڭىلىنىدۇ؟

بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى ئىنسانلارنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، ئادەتتە يالغان خاتىرە بىلەن ھەقىقىي خاتىرە ئىنسان مېڭىسىدە ئوخشاش ھالەتتە مەۋجۇت بولىدىكەن. شۇڭلاشقا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەسلىمىرىنىڭ مەلۇم قىسمىدا كۆرسىتىدىغىنى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي خاتىرىسى بولۇپ، ئەسلىدە ھەقىقىي يۈز بېرىپ باقمىغان ئىشلارمۇ ئوخشاشلا چوڭ مېڭىدە ساقلىنىپ قالغاچقا، ھەقىقىي خاتىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىكەن.

ئىنسانلارنىڭ «خىيالى خاتىرە»نىڭ تەسىرگە ئۇچراش دەرىجىسى قانداق بولىدۇ؟ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقاتچىسى ئېرۋىن 14 ياشلىق بىر جۈپ قوشكېزەك ئوقۇغۇچىغا قارىتا خاتىرە پەرقىنى سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى پەۋقۇلئاددە ياخشى ئىكەن ئىكەن. تايلېر (Tyler) ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن

ۋەقە ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى خۇددى بىز تونۇگۇن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەسلىگەندەكلا ئەينى پېتى ئەسلىيەلەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۇتىيۇبتىكى ئۆزى سۈرەتكە ئالغان ياكى ھەمبەھىرلىگەن ئەخلەت ماشىنىلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىشى بار ئىكەن. سىناق جەريانىدا تايلېر ئەخلەت ماشىنىسىغا ئالاقىدار سوئاللارغا ناھايىتى تەپسىلي جاۋاپ بەرگەن بولۇپ، ھەتتا ماشىنىنىڭ نومۇرى، قايسى ۋاقىتتا، قەيەردە كۆرگەنلىكى قاتارلىق مەلۇماتلارغىچە ئېنىق سۆزلەپ بەرگەن. نېرۋا ئىلمى مۇتەخەسسىسى جېيمس ماكگاۋ (James McGaugh) نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادا سەكسەندەك ئادەمنىڭ يەۋقۇلئاددە ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ تايلېرغا ئوخشاش مەلۇم نەرسىگە ئالاھىدە قىزىقىشى بارلىقىدەك ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. جېيمس ماكگاۋنىڭ خىزمەتدىشى بىئو ـ نېرۋا تەتقىقاتچىسى مايكېل ياسېھ (Michael Yasseh) پەرقلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە كىشىلەرنىڭ چوڭ مېڭە تۈزۈلۈشىدىكى پەرقلەرنى بىلىش ئۈچۈن قوشكېزەك تايلېر بىلەن چادنى ئەڭ يېڭى تېخنولوگىيەلەرگە تايانغان ئاساستا كۆزەتكەن. نەتىجىدە ئۇ يەۋقۇلئاددە ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا ( HSAM ) ئىگە كىشىلەرنىڭ مېڭە يوللىرىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ۋە «Hippocampus» رايونىنىڭ چوڭراق ئىكەنلىكىنى بايقىغان. تەكشۈرۈشتە يەنە تايلېرنىڭ مېڭە يوللىرىنىڭ ھېچ بولمىغاندا ھازىرقى يېشىدا ئادەتتىكى كىشىلەردىن چوڭ ئەمەسلىكى ئېنىقلانغان. تەتقىقاتچىلار بۇخىل يەۋقۇلئاددە ئىقتىدارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنىڭ بىر سىر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئېلىزابېت لوفتوسنىڭ (Elizabeth Loftus) تەتقىقاتىدا يەۋقۇلئاددە ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان كىشىلەردىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش يالغان خاتىرە بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان بولۇپ، يالغان خاتىرە ھەممە ئىنسانلاردا يۈز بېرىدىكەن. ھەتتا شۇنچىلىك ئېنىق، تەپسىلى بولغان، يۈز پىرسەنت ئىشەنچ قىلغان خاتىرىلەرنىڭمۇ يالغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆز قارىشىچە چۈشكۈن كىشىلەر ياخشى ۋە يامان ئىشلارنى ئوخشاش دەرىجىدە ئەستە ساقلىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ خاتىرىسىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى باشقىلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدىكەن. ئەمما بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر كەمچىلىك بولۇپ، خاتىرىسىدىكى تىراگېدىيەلەر ئۇلارنىڭ تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

جېننىفېر تومپسوننىڭ (Jennifer Thompson ) ھېكايىسىغا كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ۋەقەسىدە خاتالاشقانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن كاتىننى ئىزدىگەن ۋە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يېقىن دوستلاردىن بولۇپ، نەق مەيدان گۇۋاھلىقى قانۇنىنى ئۆزگەرتىپ، گۇناھسىز كىشىلەرنى تۈرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا بىر كىتاب يېزىپ چىققان. ئۇلار ئاخىرى 2008 ـ يىلىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جەنۇبىي كارولىنانىڭ نەق مەيدان گۇۋاھلىقى قانۇنىنى ئۆزگەرتىشكە

مۇۋەپپەق بولغان. ئارقىدىنلا يەنە يىگىرمىدەك شتات نەق مەيدان گۈۋاھلىقى قانۇنىنى ئىسلاھ قىلغان. ۋىلىسىنىڭ دېيىشىچە، گەرچە نۇرغۇنلىغان ساقچى، سوتچى ۋە زاستاتپىللار ئۆمىكى ئەستە ساقلاش ئىلمى بويىچە تەربىيىلەنگەن، تۆت شتات 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ نەق مەيدان گۈۋاھلىقى ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى بۇ ئىسلاھاتنى تېخى ئېلىپ بارمىغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەر ۋاقىت خاتا ئەيىبلىنىش، نەچچە مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ گۇناھسىز تۈرمىلەردە يېتىۋاتقان بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئىكەن. كىشىلەرنىڭ قىياس قىلىشىچە، يالغۇز ئامېرىكىدىلا ھەر يىلى ئون مىڭغا يېقىن نەق مەيدان گۈۋاھلىقىغا ئائىت دېلو بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن جېنىفېر ۋە كاتىنىغا ئوخشاش تىرىشىشىمىز كېرەككەن.

بۇ ھۆججەتلىك فىلىم ئىنسانلار تارىخىدا ئېچىلمىغان بىر سىرنى ۋە ھاياتىمىزدا ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر ھەقىقەتنى ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ توغرا دەپ بىلگەن خاتىرىمىزنىڭ خاتا بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ تولىمۇ چوڭ ئىكەنلىكىدۇر. ئۇنداقتا ئىنسان ئۆز خاتىرىسىگە قانچىلىك ئىشىنىشى كېرەك؟ يەنى بىزنىڭ خاتىرىمىز ھەر زامان ئىشەنچلىكمۇ؟ گەرچە بۇ قوبۇل قىلىشىمىز تەس بولغان بىر ئەھۋال بولسىمۇ، بىراق ئۇ بىر ھەقىقەت، يەنى ئىلمىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق دەلىللەنگەن ھەقىقەت. ئەگەر ئىنسان ئۆز خاتىرىسىدىكى يېتەرسىزلىكنى پەرق ئەتمىسە ۋە ياكى ئۇنى تونۇپ يەتمىسە، ئۆزى سەزمىگەن ھالدا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ۋە ناھەقچىلىككە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يۇقىرىقى بايانلار ئۆزىمىزنى قايتا تونۇشقا، ئىشلارغا ھۆكۈم چىقارغىنىمىزدا خاتىرىمىزدە يۇقىرىقىدەك نىسپىيلىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، بۇ جەھەتتە ھوشيار بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئاينۇر ئابدۇۋەلى تەرجىمە قىلدى

تەرجىمە تەھرىرى: ھېكمەتيار ئىبراھىم

مەنبە:

https://www.youtube.com/watch?v=MmlXY ـ hzgm0&feature=youtu.be



# تۇرپان، پىچان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى كۆرەشلىرى

مامۇت غازى

# تۇرپان، پىچان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى كۈرەشلىرى

مامۇت غازى

## چاغاتاي ئەۋلادلىرى دەۋرىدىكى تۇرپان

چىڭگىزخاننىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخان 24 يېشىدا جالالىدىن كىتكىنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ تەلىمى بىلەن ئالمىلىقتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ھىجرىيە 764 ـ يىلى (مىلادىيە 1363 ـ 1364 ـ يىللىرى) 34 يېشىدا ئالمىلىقتا ۋاپات بولغان. ئۇ چاغدا سۈيىقەستچى قەمەرىددىننىڭ قىلىچىدىن ئامان قالغان 19 ـ ئوغلى خىزىر خوجا باش ۋەزىر خۇدايداتنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەر، خوتەن تاغلىرى ۋە چەرچەن، چاقىلىق ئارىسىدا ئون نەچچە يىل يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، قەمەرىددىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، يەنى 1380 ـ يىلى ئالمىلىقتا خانلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ. ئاندىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ تۇرپاننى بويسۇندۇرىدۇ. قاراخوجىدىكى جەڭدە بىر ئوغلى، يەمشىنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا ئايالى ئۆلىدۇ. خىزىر خېجا تۇرپان، قومۇلنى بويسۇندۇرۇپ، بۇ جايدىكى خەلققە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان ئىسلاملىشىدۇ.

خىزىر خوجا 1399 ـ يىلى باھار پەسلى قومۇلنىڭ شەرقىدە بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە ئېغىر يارىدار بولغاندا ئادەملىرىگە «جەڭدە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، ئۆلۈمدىن قورققان كىشى جەڭگە ئاتلانمايدۇ. مەن ئۆلسەم يىغا ـ زارە قىلماڭلار، جەسىتىمنى قايتۇرۇپ كېتىپ تۇرپان يەمشىگە دەپنە قىلىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەتخان، ئۇنىڭ ئوغلى شىر ئېلى خان، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋەيسخانلار خانلىق ئورنىدا ئولتۇرغاندىمۇ تۇرپان ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

ھىجرىيە 907 ـ يىلى (مىلادىيە 1503 ـ 1504 ـ يىللىرى) ئەھمەتخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان ئۈچتۇرپاندىن قومۇلغىچە بولغان جايلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. موللا مىرسالىھ كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغان «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتابتا: مەنسۇرخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەللىك يىلغا يېقىن ۋاقىتتا تۇرپاندا ھېچقايسى تەرەپتىن كەلگەن ئۇرۇش ـ جېدەللەر بولمىغانلىقتىن، خەلق ئەمىن ياشاپ، دېھقانچىلىق، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ناھايىتى راۋاجلانغاندى، دەپ يېزىلغان. مەنسۇرخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى شاھخان

ھوقۇق تۇتۇپ 4 ـ يىلى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا جۇڭغارلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ.

سۇلتان ئابدۇرېشىت خاننىڭ 5 ـ ئوغلى مۇھەممەتخان ھجرىيە 998 ـ يىلى (1589 ـ 1590) يەكەندە خانلىق ئورۇنغا ئولتۇرغاندا ئۆزىنىڭ كەنجى ئىنىسى، ئابدۇرېشىت خاننىڭ 11 ـ ئوغلى ئابدۇرېھىم خاننى تۇرپان ـ قاراشەھەرنىڭ باش ۋالىيسى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئابدۇرېھىم خان ئىقتىدارلىق ھەربىي سەركەردە بولۇپ، بۇ ئىككى ئورۇننى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، جۇڭغارلار بىلەن ئۈچ قېتىم جەڭ قىلىپ، ئىلگىرى مەنسۇرخاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىلى چېگرىسىغىچە بولغان جايلارنى قايتۇرۇۋالىدۇ. ئۇ بىلىملىك كىشى بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. تارىخى كىتابلاردا ئابدۇرېھىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا تۇرپان خەلقىنىڭ تۇرمۇشى مەنسۇرخاننىڭ ۋاقتىدىكىدىنمۇ ياخشى بولغاندى، دەپ يېزىلغان. ئابدۇرېھىم خان بۇ جايلارنى 43 يىلدىن كۆپرەك باشقۇرۇپ، ھجرىيە 1048 ـ يىلى (1639 ـ 1640) 75 يېشىدا تۇرپاندا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

تۇرپان يەمشىدە شىمال بىلەن جەنۇب ئارىلىقى تەخمىنەن بەش كىلومېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتا خىزىر خوجىنىڭ قەبرىسى، ئوغلى مۇھەممەت خاننىڭ قەبرىسى، خىزىر خوجىنىڭ ئاياللىنىڭ قەبرىسىنىڭ گۇمبەز ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرۇشى، ئەھمەتخان تۇرپاننى باشقۇرۇپ تۇرغان چاغدا ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھجرىيە 896 ـ يىلى (1490 ـ 1491) لۈكچۈندىكى ئېگىز ئوردىدا تۇغۇلغانلىقى، مەنسۇرخان ئەۋلادلىرىنىڭ تۇرپان ۋە 1 ـ ئاۋغۇست پولات زاۋۇتىدا، ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ نەسەبىنى ئۈنتۇماي ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزگە دەلىل بولالايدۇ.

## جۇڭغارلارنىڭ تۇرپاننى ئىگىلىشى

ئابدۇرېھىم خان ۋاپات بولغان يىلى چوڭ ئوغلى ئابدۇللاخان يەكەن شەھىرىدە خانلىق ئورنىغا ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئىقتىدارلىق كىشى بولۇپ، ئوتتۇز ئۈچ يىللىق خانلىق ھاياتىدا بۇرۇن قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، خانلىقنىڭ ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پارچىلىنىشقا قارشى تۇرۇشقا، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ قەشقەرگە ئوتتۇز يىل ۋالىي بولغان كىچىك ئوغلى يولۋاسخان، پىتنىخور ئىشان ھىدايىتۇللانىڭ (ئاپاق غوجا) قۇترىتىشى بىلەن دادىسىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىشقا ئاتلىنىدۇ. ئابدۇللاخان ئوغلى بىلەن ئىككى قېتىم ئۇرۇشقان بولسىمۇ سوپى ـ ئىشانلار يولۋاسخانغا بولۇشۇپ ئۇرۇشقا ئارىلاشقانلىقتىن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېلىپ ئۆز ئورنىدا چوڭ ئوغلى ئابدۇلمۆمىن

خاننى ئۇلتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ھىجرىيە 1077 ـ يىلى (1667 ـ 1668) ئۆز يېقىنلىرىنى بىللە ئېلىپ ھەج قىلىشقا يۈرۈپ كېتىدۇ.

يولۋاسخان ئاكىسىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ياخشى ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ خەلققە زۇلۇم سالغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا ئاقسۇغا كېلىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان ئابدۇرېھىم خاننىڭ بەشىنچى ئوغلى، ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىسمائىلخان قارا تاغلىق سوپى ـ ئىشانلارنىڭ قوللىشى بىلەن يەكەنگە كېلىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 11 ـ ئەۋلاد سۇلتانى بولۇپ تەختكە ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغدا قەشقەردە تۇرۇۋاتقان ئىشان ئاپاق خوجا بىر تەرەپتىن ئىسمائىل خانغا ھەل قىلىش قىيىن بولغان تەكلىپ قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەكەنگە ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ قارا تاغلىق سوپى ـ ئىشانلارنى ئۇرۇپ جازالاپ تۈتقۇن قىلىپ، ھۆكۈمەت ئۈستىدىن پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىدۇ. ئىسمائىل خان ئادەم ئەۋەتىپ بۇ خىل قىلمىشنى توختىتىشنى بۇيرۇغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي داۋاملاشتۇرۇپ يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكتىن، ئىسمائىل خان ئاپاق خوجىنى پۈتۈن ئەۋلادلىرى بىلەن چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلىدۇ. بۇ ھىيلىگەر ئىشان چەت ئەلدە بەش يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندىن كېيىن ئاخىرى غۇلجىغا كېلىپ، غالدان قۇنتەيجىگە يالۋۇرۇپ، ئىسمائىل خاننى ئاغدۇرۇش بەدىلىگە ئۇنىڭ قويغان شەرتلىرىگە قوشۇلىدۇ. ئۇ چاغدا جۇڭغارلار ئۆزىنىڭ مەركىزىنى قوبۇقساردىن غۇلجا شەھىرىگە يۆتكەپ كېلىپ، شەرققە قاراپ ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلەپ، غۇلجىدىن قومۇلغىچە بولغان جايلارنى بېسىۋالغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرۇشقا باھانە تاپالماي تۇرغانىدى. شۇڭا غالدان ئاپاق خوجىنىڭ تەكلىپى بىلەن 12 مىڭ كىشلىك جۇڭغار قوشۇنىنى باشلاپ يەكەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئىسمائىل خاننىڭ قوشۇنلىرى شەھەر دەرۋازىلىرىنى مەھكەم ئېتىپ قايتۇرما جەڭ قىلىۋاتقان چاغدا ئاپاق خوجا ئىلگىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان سوپى ـ ئىشانلار جۇڭغار قوشۇنلىرىغا شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەكەن شەھىرىنى جۇڭغارلار ئىشغال قىلىپ، 1678 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىسمائىل خان ئائىلىسى بىلەن جۇڭغارلارغا ئەسىرگە چۈشىدۇ. ئىسمائىل خان ئائىلىسى بىلەن ئىلىقا ناھىيىسىدىكى ئېرەن قوبۇرغا دېگەن جايغا نەزەربەند قىلىنغان. ئۇزۇنغا بارماي شۇ يەردە كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

ئاپاق خوجىنىڭ قورچاق خانلىقىمۇ 1682 ـ يىلى ئىسمائىل خاننىڭ ئۈچتۇرپاندا ھاكىم بولۇپ تۇرغان ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىنخان (ئاقباشخان) تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ. بەش يىلدىن كېيىن ئاپاق خوجىنىڭ ھىيلىسىگە ئىشىنىپ سىڭلىسىنى بېرىپ، ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋالغان مۇھەممەت ئىمىن خانمۇ ئاپاق خوجا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاپاق خوجىمۇ 1694 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئەجداد تاغىسى خوجا ئىسھاق ۋەلى (ئىسھاقىيە) كۈچلىرى

تەرىپىدىن يەكەندىكى ئوردىسىدا 68 يېشىدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا جوڭغارلارنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىغا قالىدۇ.

جاڭ يۈشىنىڭ «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجوغا كۆچۈش جەريانى» دېگەن ماقالىسىدە، جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ خاراكتېرلىك باج ـ سېلىقنى يولغا قويغان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئارخىپ ـ ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە «تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ھەر يىلى جوڭغارلارغا 250 چاپان، 215 توپ خەسە، 200 جىڭ پاختا، 40 دەن ئۈزۈم (4000 جىڭ) سېلىق تۆلەيتتى» دەپ يازىدۇ. تۇرپاننى باشقۇرۇۋاتقان ۋالىي ئوبۇل مۇھەممەتخان، شاھخان قاتارلىقلار ھەربىي كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ، چارلاشنى كۈچەيتىپ موڭغۇل بۇلاڭچىلىرىنىڭ خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ پاراكەندىچىلىك سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەينى چاغدا جوڭغارلارغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىققانلارنىڭ بىرى لۈكچۈننىڭ ئاق ساقلى كېيىنكى توققۇز ئەۋلاد تۇرپان ۋاڭلىقىنىڭ ئاتىسى ئەمىن خوجا ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 1105 ـ يىلى (1694 ـ 1695) تۇرپان قاراخوجىدىكى فېئودال خوجا ئەۋلادلىرىدىن سوپى خوجىنىڭ ئوغلى، ئاخۇننىياز خوجا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەمىن خوجا كىچىك چېغىدىن باشلاپ قاراخوجا ۋە لۈكچۈندىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ ئۇيغۇرچە ساۋاتىنى چىقىرىپ قالماستىن يەنە ئەرەپچە، پارسچە كىتابلارنىمۇ ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ. ئون سەككىز ياشقا كىرگەن چاغلىرىدا، شۇ زاماندا تۇرپاندىكى سوپىلارغا قول بېرىپ نام چىقارغانلىقى ئۈچۈن، بىر مەزگىل ئەمىن سوپى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ چاغدا جوڭغار نازارەتچىلىرى تەرىپىدىن لۈكچۈننىڭ ئاقساقاللىقىغا تەيىنلەنگەن كېپىش بەگ دېگەن كىشى ئۆز تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئەمىن سوپىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمىن سوپى ئېتىنى ئاغىنىسىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى ئېگىز ئوردىغا كىرىپ كېپىش بەگ بىلەن كۆرۈشىدۇ. كېپىش ئاقساقال ئۇنىڭدىن گەپ سوراۋاتقاندا ئۇنىڭ ئەمىن خوجىنى تونۇيدىغان ئايالى ئېرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ كانىيىنى كۆرسىتىپ، سېنى ئۆلتۈرىدۇ، قاچ، دەپ ئىشارەت قىلىدۇ. ئەمىن خوجا «ئېتىم بەك شاش ئىدى، مەھكەم باغلاپ قويۇپ كىرسەم » دەپ رۇخسەت سوراپ چىقىپ قېچىپ كېتىدۇ. كېپىش ئاقساقال ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ئادەم ئەۋەتىپ داۋاملىق ئىزدەيدۇ. ئەمىن خوجا قوي باققۇچىلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئۆز يېقىنلىرىنى لۈكچۈنگە ئەۋەتىپ ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، ھىجرىيە 1130 ـ يىلى (1718 ـ 1719) رامىزان (9 ـ ئاي) نىڭ 23 ـ كۈنى پەيشەنبە كېپىش ئاقساقالنىڭ شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ 25 نەپەر ئاغىنىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ناغرا ـ سۇناي ساداسى ئىچىدە ئېگىز ئوردىنى ئىگىلەپ لۈكچۈننىڭ ئاقساقاللىق ئورنىدا ئولتۇرىدۇ. كېپىش بەگ قېچىپ بېرىپ سىركىپ تۇرغا مۆكۈۋالىدۇ. ئەمىن ئاقساقالنىڭ ئادەملىرى ئۇنى شۇ يەردە بېسىقتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ جوڭغارلار ئەمىن خوجىغا بەكمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا

موڭغۇللار ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە، مەھەللە ئىچىگە تۇر سالدۇرۇپ، ئۈستىدە نۆۋەت بىلەن پوست تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەركىتىنى نازارەت قىلىدىكەن. مۇشۇ چاغدا لۈكچۈن تۆۋەن مەھەللىدىكى موڭغۇل تۇر بىلەن سىركىپ تۇردا تۇرىدىغان جۇڭغار ئەسكەرلىرىنىڭ ئىمىن خوجىغا قىلىغان ئەسكىلىكلىرى لۈكچۈن خەلقى ئارىسىدا ھېكايە قىلىنىپ سۆزلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇ تۇرلار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا چېقىۋېتىلدى.

پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونىغا قاراشلىق دېھقانسۇ يېزىسىدا ئېرىقلىرىدا قىش ـ ياز سۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان تۈگمەنبويى دېگەن مەھەللە بار. بۇ يەرنىڭ سۈيى كۆپ بولغاچقا ئۇن نەچچە تۈگمەن بولغان بولۇپ، ئەينى چاغلاردا ئاتلىق جۇڭغارلار توپلىشىپ كېلىپ ئۇن تارتقىلى كەلگەن دېھقانلارنىڭ ئۇنلىرىنى بۇلاپ ئارام بەرمەيدۇ. بىر كۈنى بەش ئاتلىق جۇڭغار كېلىپ ھەر بىرى بىردىن تۈگمەنگە كىرىپ خامپىدىكى ئۇننى زورلۇق بىلەن تاغارلىرىغا قاچىلايدۇ. بىرىنىڭ تاغىرى توشماي تۈگمەنچىدىن: «ئۇن نېمىشقا جىق چۈشمەيدۇ» دەپ سورىغاندا، تۈگمەنچى: «ئىككى قولۇڭنى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىقساڭ تازا جىق چۈشىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈگمەننى توختىتىپ قوپارغۇ بىلەن تۆپە تاشنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، موڭغۇل ئىككى قولىنى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىققاندىن كېيىن، قوپارغۇنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تاشقا باستۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېرىكلىرى كېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن كەلمەسلىككە ۋەدە بېرىپ، بۇلىۋالغان ئۇنلىرىنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ياش تۈگمەنچى ئۇيغۇر يىگىت قوپارغۇ بىلەن تاشنى كۆتۈرۈپ موڭغۇلنىڭ قولىنى چىقىرىپ قويىدۇ. بۇلاڭچىلار خوش بولۇپ «نادمان» (باتۇر) دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ سۆز (نادمان) كېيىن تۈگمەنچىنىڭ ئەۋلادلىرىغا لەقەم بولۇپ قالىدۇ. نادمانلار ھازىرمۇ لۈكچۈن ۋە پىچان دائىرىسىدە ياشاپ كەلمەكتە.

پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزا 2 ـ ئاھالىلەر كومىتېتىدا تارىخچىلار «بۇددا خارابىلىرى» دەيدىغان، يەرلىك خەلق «قالماق ئۆيلىرى» دەيدىغان جاينىڭ شەرق تەرىپىدىكى «بارات تاغ» دەپ ئاتىلىدىغان چوققىنىڭ ئۈستىگە چىقسىڭىز ئادەم ئولتۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئىزلىرىنى كۆرىسىز. مانا بۇ چوققىدا جۇڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىدىغان ئەسكەرلىرى تۇرغان. جۇڭغارلارنىڭ بايرىمى كۈنى ئەسكەرلەر دېھقانلارغا ئۈزۈم ئېچىقىپ بېرىشنى بۇيرۇيتتى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى نەچچە سېۋەت ئۈزۈمنى كۆتۈرۈپ پەلەمپەي ئارقىلىق چوققىغا ئېچىقىپ بېرەتتى. ئۈزۈمنى يەۋاتقاندا ئەسكەر باشلىقىنىڭ تىلىنى ئۈزۈم ئارىسىدىن چىققان سېرىق ئېشەك (چايان) چېقىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئۇيغۇرلار بىزگە دۈشمەنلىك قىلىپ چايانغا چاقتۇردى» دەپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقىپ دەسلەپتە ئۇيغۇرلار زىيانغا ئۇچرايدۇ، كېيىن ئەتراپتىكىلەر پىچاق، كالتەك، نەيزە، قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ جۇڭغارلارنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ غەلبە قىلىدۇ. نەتىجىدە ئىككى

تەرەپ سۆزلىشىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار بىر ئائىلە ئۈچ كۈندىن تاغ ئۈستىگە سۇ توشۇپ بېرىدىغان، نۆۋەتلىشىپ ئوتۇن يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىككى تۈرلۈك سېلىقنى بىكار قىلىدۇ.

پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن رايونىغا قاراشلىق 6 ـ ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان جايدا ئەسلىي خاندو دېگەن مەھەللە بار، تۇيراق قاتلىمى قېلىن، يەر تۈزلۈلۈشى ئالاھىدە بولغان بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار جۇڭغارلارغا يىلدا بىر قېتىم بۇغداي، پاختا، قۇرۇق ئۈزۈم، ماتا تاپشۇرۇپ تۇرغان. لېكىن ئۇلار توختامغا ئەمەل قىلماي، ئاتلىق توپلىشىپ كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ خەلققە زۇلۇم سالغان. بۇنداق بۇلاڭچىلىق كۆپ تەكرارلانغاچقا، يۇرت كاتتىلىرى مەسلىھەتلىشىپ ئۇلارنى يەنە كەلسە تەلتۆكۈس يوقىتىشقا بىرلىككە كېلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي 25 ئاتلىق يېتىپ كېلىدۇ. ئالدىن بىرلىككە كەلگەن پىلان بويىچە ئەسلىي خاندونىڭ ئىمامى باشلىق جامائەت ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ نەچچە ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېدە ـ بوغۇز تۆكىدۇ. ئىمام ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ باشلىقىغا «سىلەر خاتىرجەم تاماق يەپ، دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار، ھازىر بىزنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى، نامازدىن كېيىن سىلەرنى دېگىنىڭلار بويىچە ياخشى يولغا سالىمىز» دەيدۇ. مەزىن مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ئىككى قۇلىقىنى تۇتۇپ «بۇلاڭچى دۈشمەنلەر كەلدى، تاياق ـ توقماق، پىچاق ـ نەيزە، ئورغاق ـ پالتا. قولغا چىققان نەرسىلىرىڭلارنى ئېلىپ، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك، ياش ـ قېرى دېمەستىن ئەسلىي خاندوغا دەرھال كېلىڭلار. بولمىسا بۇگۈن ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز» دەپ تەكرار توۋلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىي خاندودىكى جۈمە مەسچىتىنىڭ ئالدى ئادەم بىلەن تولىدۇ. بۇلاڭچىلار تاماق يېيىشكە باشلىغان چاغدا ئادەملەر ئۆيلەرگە تۇيدۇرماي باستۇرۇپ كىرىپ بىرىنىمۇ تىرىك قويماي ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلاردىن ئىنتىقام ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭغارلارنىڭ بۇلاڭچىلىقى توختايدۇ.

1700 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ زۇلۇمى ناھايىتى ئېغىرلاشتى. بۇ چاغلاردا تۇرپاننى باشقۇرۇۋاتقان ئاق سۇلتان، شاھ زەپەر قاتارلىقلار جۇڭغارلارغا تۇيدۇرماي يۇرت كاتتىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېيجىڭغا ئالتە قېتىم نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن ئەلچى ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كاڭشىنىڭ 59 ـ يىلى ( 1720 ـ يىل ) 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى توپلاڭنى تىنچىتىش قوماندانى فۇ نىڭئەن قوشۇن باشلاپ قومۇلدىن يولغا چىقىدۇ. پىچانغا يېتىپ كەلگەندە 300 ئادەم ئالدىغا چىقىپ لۈكچۈنگە يول باشلاپ كېلىدۇ. لۈكچۈندە ئىمىن خوجا ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ ھەم 36 يۇرت كاتتىلىرىنى باشلاپ تۇرپانغا كېلىپ چىڭ سۇلالىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرىدۇ. تۇرپاننىڭ باشلىقلىرىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. كېيىن بۇ قوشۇن يۇڭجېڭنىڭ 3 ـ يىلى (1725 ـ يىلى) قايتىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق قوشاق ساقلىنىپ قالغانىكەن:

قاڭقى دۆڭگە تىكىلدى چېرىكلەرنىڭ ئۆيىسى،
قات ـ قات قىلىپ سېلىندى زىلچا ـ گىلەم كۆرپىسى.

تۆت يىلغىچە چىقمىدى تۇرپاندا ھېچ شەپىسى،
ئاخىرى ياندى ئارقىغا قېتىقلىقكەن مەپىسى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇرپاندىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن جۇڭغارلار تۇرپانغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئەمىن خوجىغا تەھدىت سېلىپ، بېسىم ئىشلىتىدۇ. ئەمىن خوجا باش ئەگمەي جۇڭغارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ جۇڭغارلارنى تۇرپان تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا تەييارلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ھەربىي ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھازىرچە ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى، تۇرپان خەلقىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈرۈپ كېلىپ خاتىرجەم تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ چاغدا توختى ماموت دېگەن ئادەم باشچىلىقىدا 650 كىشى كۆچۈپ بېرىپ ۋېيلوباۋ دېگەن جايغا ئورۇنلىشىدۇ. 1731 ـ يىلى جۇڭغارلار قوشۇن باشلاپ كېلىپ لۈكچۈننى 40 كۈن قامال قىلىپ ئەمىن خوجىنى تەسلىم بولۇشقا قىستايدۇ. لېكىن ئۇ تەسلىم بولۇشنى قەتئىي رەت قىلىپ ئادەملىرىگە ئىلھام بېرىپ جۇڭغار قوشۇنلىرى بىلەن جان تىكىپ ئۇرۇشىدۇ. ئاخىرى قومۇلدا تۇرۇۋاتقان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ياردەمگە كېلىپ قامالنى بىكار قىلىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «كۆچمىگەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا مەلۇم بولسۇنكى، ناۋادا دۈشمەننى يېڭىشكە ئاجىزلىق قىلساڭلار ئۇرۇشماي كۆچۈپ كەلگىنىڭلار تۈزۈك، مەزكۇر يارلىق تارقىتىلغاندىن كېيىنمۇ بىقارار بولۇپ جايىڭلاردا تۇرۇۋېرىپ دۈشمەننىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىساڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىڭلار، قوشۇنىمىز سىلەرنى پاناھىغا ئېلىشقا يەنە بارمايدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇشتىن كېيىن تۇرپان، پىچان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئەمىن خوجا باشچىلىقىدا 10 مىڭغا يېقىن ئادەم 1732 ـ يىلى تۇركۈمگە بۆلۈنۈپ ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ گۇاجۇ دېگەن جايغا ئورۇنلىشىپ ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. 1745 ـ يىلى غۇلجىدىكى جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى غالدان ئۆلۈپ ئۆز ئىچىدە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بېرىدۇ. 1752 ـ يىلى داۋاچى بىلەن ئامۇرسانا بىرلىشىپ قوشۇن باشلاپ كېلىپ لاما دارجىنى ئۆلتۈرۈپ داۋاچىنى خانلىققا ئولتۇرغۇزىدۇ. 1754 ـ يىلى ئەمىن خوجا داۋاچى بىلەن سوقۇشۇپ يېڭىلىپ قېلىپ، چىڭ سۇلالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى غۇلجىغا ماڭغاندا ئەمىن خوجىمۇ گۇاجۇدىن 300 ئادىمى بىلەن يول باشلاپ غۇلجىغا كېلىدۇ. قايتاشىدا تۇرپاندا قېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ گۇاجۇغا قايتقاندىن كېيىن گەنسۇ باش ۋالىيسى خۇاڭ تىڭگۈيگە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇپ كېتىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ: «بۇلتۇر مەن خان ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن لەشكەرلەرگە يول باشلاپ ئىلىغا باردىم. قايتىش سەپىرىمدە تۇرپانغا كېلىپ ئۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ يوقلۇقىنى، پەقەت 400 ئۆيلۈك ئۇيغۇر پۇقراسىنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. مەن ئىلىغا بارغاندا ئىلگىرى ئەسىر قىلىپ تۇتۇپ كەتكەن 100

ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى كۆرۈپ تۇرپانغا قايتۇرۇپ كەلدىم. ھازىر تۇرپاندا 500 ئۆيلۈك ئۇيغۇر بار، بۇرۇن بۇ جايدا دائىم دېگۈدەك ئۇرۇش ۋە يېغىلىق بولۇپ تۇرغاچقا، ئادەملىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. ھازىر تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق 16 ئورۇندا ئېچىشقا تېگىشلىك يەر كۆپ، ھازىر گۇاجۇدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار 2337 ئائىلە، 8815 ئادەم، ئۇلار تۇرپانغا كۆچۈپ بارسا پۈتۈنلەي ئورۇنلاشتۇرۇپ كەتكىلى بولىدۇ » دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان، پىچان ئۇيغۇرلىرى 1756 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ ئىمىن خوجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇركۈمگە بۆلۈنۈپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە باشلايدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار ۋە ئىزاھات:

مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدىي»، ئۇيغۇرچە قولىيازما نۇسخىسى

موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى 1 - ئاي نەشرى

موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە»، ھاجىنۇر ھاجى نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان

جاڭ يۇشىننىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي پەن قىسمى (ئۇيغۇرچە)، 1984 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈش جەريانى» دېگەن ماقالىسى.

قوشاقنى پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزىسىغا قاراشلىق سۇ بېشى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق تارىخچى، 75 ياشلىق ئەيسا موللا 1957 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۆيدە ئېيتىپ بەرگەن.

«تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا» ناملىق ئەسەردىن ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەييارلىغان.



# ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئۇرۇش پىسخولوگىيىسى

رىچارد گرىگ، فىلىپ زىمباردو

# ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئۇرۇش پسىخولوگىيىسى

**پسىخولوگ رىچارد گرىگ، پسىخولوگ فىلىپ زىمباردو**

قەدىمدىن ھازىرغىچە بىز كىشىلەرنىڭ نوپۇزغا بويسۇنغانلىقى كۆردۇق، ئەمما نېمىشقا بەزىدە مەلۇم جايدىكى بىر توپ كىشىلەرنىڭ يەنە بىر توپ كىشىلەرگە گۇرۇپپىلاشقان ھالدا نابۇت قىلىش ھەرىكىتى يۈزگۈزىدىغانلىقىنى ـ ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە ھاجەت تۇغۇلىدۇ. ياكى تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر كوللېكتىپنىڭ يەنە بىر كوللېكتىپقا ھۇجۇم قىلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك بولىدۇ. بۇنى ئىزاھلاشتا ئىنسانىنىڭ ماھىيىتىگە باھا بېرىپ قويۇش بىلەن بولدى قىلىش يېتەرلىك ئەمەس. بۇ يەردە بىز كىشىلەرنى كوللېكتىپلاشقان تاجاۋۇزچىلىققا ئۈندەشنىڭ تارىخىي ۋە پسىخىكىلىق سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتمەكچى.

پىسخولوگ ئەرۋىن ستائۇب تارىختىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئۇ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىدىغان مەدەنىيەت ۋە پسىخىكىلىق ئامىللارنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

* ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دائىم جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ قىيىن تۇرمۇش شارائىتىدا قېلىشى. قىيىن ئىقتىسادىي ئەھۋال، سىياسىي داۋالغۇش قاتارلىقلار.

* بۇنداق قىيىنچىلىق شارائىتتا، كىشىلەر ئىچكى ۋە تاشقى كوللېكتىپنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىشتا چىڭ تۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا، تاشقى كوللېكتىپتىكى كىشىلەر تەبىئىيلا «قۇربانلىق قوي»غا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن گېرمانىيە ناتسىستلىرى ئۇچۇن «قۇربانلىق قوي ئىزدەش» دۆلەت داھىيسىدىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ياكى سىياسىي ئىدېلوگىيەسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

* «قۇربانلىق قوي» دەپ قارالغان بۇ كوللېكتىپ جەمئىيەتتە نادان مىللەت ئورنىدا كۆرۈلۈپ قارا چاپلىنىدۇ. ئۇلارغا زوراۋانلىق قىلىش تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ. بۇ زوراۋانلىق ۋەقەلىرى ئادىل دۇنيانىڭ تەپەككۇرىنى قوزغايدۇ: قاتناشقۇچىلار ۋە كۆزەتكۈچىلەر مۇنداق نەرسىگە ئىشىنىشكە باشلايدۇ ـ بىز ئادىل بىر دۇنيادا ياشاۋاتقاچقا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار چوقۇم بەزى يامان ئىشلارنى قىلغانلىقتىن جازالىنىۋاتىدۇ. ناتسېستلار دەۋرىدىكى گېرمانىيەلىكلەر شۇنىڭغا ئىشەنگەنكى ـ يەھۇدىيلارنىڭ تەقدىرى مۇشۇنداق بولۇشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ئۇلار گېرمانىيەنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى.

* زوراۋان كۈچ ئۆزىنى ئاقلايدۇ ـ زوراۋانلىققا قارشى چىقىشنىڭ ئۆزى ھەرىكەتكە ئۆتكۈچىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنە كېلىپ، ھۆكۈمەت كوللېكتىپلاشقان زوراۋانلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان، باشقا دۆلەتلەرنىڭ قارشى چىقىشىغا ئۇچرىمىغان چاغدا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ پاسسىپ ۋە ئادىل بولماسلىقى مەزكۇر ھۆكۈمەتنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىنىڭ داۋاملىشىش سەۋەبى دەپ قارىلىدۇ.

كامبودژادىكى ئەھۋالغا قارىغىنىمىزدا بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ يەردىمۇ مەسىلە قىيىن تۇرمۇش شارائىتىدىن باشلىنىدۇ: 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلىنىپ، دۆلەت ئىقتىسادىي چېكىنىشكە يۈزلىنىدۇ، قوشنىسى ۋېيتنامدىكى ئۇرۇشنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى باشلاپ كەلگەن ئامېرىكا بومباردىمانلىرىغا ئۇچرايدۇ. بۇ چاغدا، يېڭى ھۆكۈمەت «قۇربانلىق قوي» ئىزدەشكە باشلايدۇ، بۇ «قۇربانلىق قوي»لار زوراۋانلىقنىڭ نىشانىغا ئايلىنىدۇ: قىزىل كخمېر تەشكىلاتى 1975 ـ يىلى فنوم پېننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى دۈشمەنلىرىنى يېڭى جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى توسالغۇ دەپ قاراپ چەتكە قېقىشقا باشلايدۇ. بۇرۇنقى ھەربىي ئىشلار ۋە سىياسەتتىكى رەھبەرلەر قولغا ئېلىنىدۇ ۋە كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ، كېيىن «سىنىپىي دۈشمەن» ئۇقۇمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، بىيۇروكرات قاتارلىقلار بىردەك خائىن دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. قىرغىنچىلىق شۇنچىلىك ئەۋج ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى كۈچلۈك بولغان ئىدېئولوگىيە ۋە ئېنىق بېكىتىلگەن «دۆلەت ئىچكى دۈشمىنىنى چوقۇم تازىلىۋېتىشى كېرەك» دېگەن غايە ئىدى. ئاقىۋەتتە، كۆپىنچە ئەھۋاللاردىكىدەك خەلقئارا جەمئىيەت بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدى.

### «دۈشمەن» ئۇقۇمى ۋە ئۇيىرازى

يۇقىرىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئاساسلىق نىشانىنىڭ «قۇربانلىق قوي» ئىزدەش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. بىز ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ كوللېكتىپ ھالەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقمىسىمۇ، بۇ ھادىسىنىڭ ھەر ۋاقىت مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز. سابىق شەرقىي گېرمانىيە ياشلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق بىتچىت بولغاندىن كېيىنكى پوزىتسىيىسىنى كۆرۈپ باقايلى. دۆلەت خاراكتېرلىك بىر تەتقىقاتتا ئاساسلانغاندا، 20 ـ 15 ياش ئارىسىدىكى ياشلار ئۆزلىرىنىڭ پولشالىقلار ۋە تۈركىيەلىكلەرگە نىسبەتەن سەلبىي پوزىتسىيەدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بۇ خىل پاسسىپ پوزىتسىيەنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، بۇ ئىككى دۆلەت كىشىلىرىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەھدىتى ئىكەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، گېرمانىيەدىكى پولشالىقلار ۋە تۈركىيەلىكلەر شەرقىي گېرمانىيە

جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ئۆزگىرىش جەريانىدا گېرمانىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن خىزمەت پۇرسىتى ۋە مائاش كىرىمىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ قارالغان. بۇ خىل ئىقتىسادىي تەھدىت كەلتۈرۈپ چىقارغان پوزىتسىيە بىز يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلغان ئەھۋال بىلەن بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە چۈشىدۇ. بىر تەرەپلىمە قاراش ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ قالمايدۇ، ئۇ بىر ئىجتىمائىي مۇھىتىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ، كىشىلەردە «دۈشمەن» چەكلىك بولغان بايلىقنى ئېستىمال قىلىۋاتىدۇ دېگەن كۆز قاراشنىڭ شەكىللىنىشى زوراۋانلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا پارنىك بولۇپ بېرىدۇ.

هۆكۈمىران سىنىپ ئاتالمىش دۈشمەننى تاپقاندا، ئۇلار دائىم كىشىلەرگە دۈشمەننى رەزىل مەخلۇقلار، زىيانداش هاشاراتلار سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ، ئۆچمەنلىك قىلىنىشى ۋە يوق قىلىنىشى كېرەك دەپ تەشۋىق قىلىدۇ. مانا بۇ خىل مۇئامىلە «دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قوزغاش»نىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بارچە جەمئىيەتتە شەخس تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان هۇجۇم جىنايەت دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش غەرىزىدىكى هاكىمىيەت يەنە مىليونلىغان ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈش ماشىنىسى قىلىۋالىدۇ. قانۇنغا خىلاپ ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرىنى قانداق قىلىپ ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ جاكارلاش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىدىغان هۆكۈمەت رەهبەرلىرى ئۈچۈن بىر مۇهىم مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. بۇ يەردىكى هۆكۈمەت ئۈچۈن چوڭ ۋەزىپىلەردىن بىرى قارشى تەرەپنى كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن «دۈشمەن»گە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ۋاقىتتا سىياسەتۋاز ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرى دائىم جانلىق تەسۋىرلەش ۋە شېرىن-شېكەر سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق دۈشمەننى قارىلاش مەقسىتىگە يېتىدۇ. پىشقەدەم ئەسكەرلەر يېڭى ئەسكەرگە نىسبەتەن ئەڭ مۇهىم قورال ئۇنىڭ قولىدىكى قورالى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى دۈشمەنگە بولغان چوڭقۇر نەپرەت دېيىشىدۇ. شۇڭا هۆكۈمەت كىمنىڭ بېشىغا «دۈشمەن» دېگەن قالپاقنى كەيدۈرمەكچى بولسا، ياش ئەسكەرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بۇرمىلاپ، ئۇلارنىئادەم ئۆلتۈرۈش ماشىنىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

كۆپىنچە ئەهۋاللاردا ئەهۋاللاردا، خەلقنى ۋە ئەسكەرلەرنى كۈشكۈرتۈش ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتىشتە، سىياسەتۋازلار دائىم ئاددىي يېزىقتىكى نەرسىلەردىن ئەمەس، بەلكى پىسخىكىلىق ئابستراكت ئوبرازلاردىن پايدىلىنىدۇ. ئامېرىكا يېقىنقى زامان تارىخىدا، بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدىغىنى 1990-يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن ئىبارەت. ئەينى چاغدا سادام هۈسەيىن ئەينى يىلىدىكى ئادولف هىتلىرغا ئوخشىتىلغان. خەلقنىڭ كاللىسىغا دەل مۇشۇنداق ئىدىيەنى سىڭدۈرگەچكە، پرېزىدېنت بۇش ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئامېرىكا خەلقىنى هىتلىرغا قارشى چىقىدىغان قىلالىغان. سادام هىتلىرغا ئايلانغاندا بولسا، بۇ جەهەتتىكى مۇشەققەتلىك هەربىي هەرىكەتلەر قانۇنىي ئاساسقا ئىگە بولغان.

**كىشىلەر نېمىشقا ئۆرۈش قىلىدۇ؟**

دۆلەت رەھبەرلىرى ئۆرۈش قوزغىماقچى بولغاندا، ئۇلار بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى چوقۇم ئويلىشىشى كېرەك. ھازىرقى زامان ئۆرۈشى پۈتۈن قىلىشتىن كۆپرەك دۇنيانىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۆرۈشى ئېلىپ كەلگەن بىر چوڭ يېڭىلىق بولسا، يۇقىرىلارغا مەقسەتلىك ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى ۋەيران قىلىش بولدى. گەرچە ئۆرۈش ناھايىتى يىراق جايدا بولۇۋاتقان بولسىمۇ، مەسىلەن پارس قولتۇقى ئۆرۈشىدا ئامېرىكا پۇقرالىرى «ئىككىلا تەرەپ خەلقىنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىمدىن ساقلىنىشى ناھايىتى تەس» دەپ قارىغان ئىدى. ئۇنداقتا بىر دۆلەتكە ياكى باشقا بىر تەشكىلاتقا نىسبەتەن، قانداق قىلغاندا ئۆرۈش قىلىش ـ قىلماسلىقنى قارار قىلغىلى بولىدۇ؟ خەلقنىڭ ھايات ـ ماماتلىق مەسىلىسى بولسىمۇ ھېچنىمىدىن قورقماسلىق كېرەكمۇ؟ تارىخ دەرسلىرىدىلا بىز بۇنداق سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تاپالايمىز: دۆلەتنىڭ ئۆرۈشقا قاتنىشىشى تۈپرىقىنى، خەلقىنى ياكى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى. بىز بۇنى مۇنداق ئويلايلى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى قايسى پسىخىكىلىق ئامىللار بىر كىشىنى ئۆرۈش قايىنىمىغا ئۆزىنى ئېتىشقا ئۈندەيدۇ؟

مەسىلەن، بىز مۇنداق سوئال قويۇشىمىز مۇمكىن. كىشىلەر نېمىشقا ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن جېنىدىن ۋاز كېچىدۇ؟ نېمىشقا ئۆز ھاياتىدىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە مەلۇم بىر ئىشقا تۆھپە قوشىدۇ؟ بۇنى شەخسىيەتسىزلىك ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئىلگىرىكى بابتا بىز «ئىلغار پىكىرلەر بىزگە ئائىلە ئەزالىرىنى قوغداش (يەنى ئۆز قەۋمىنى قوغداش)ئارزۇسى شەخسىيەتسىزلىكنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ» دېگەن ئىدۇق. تەتقىقاتلاردىن كۆرسىتىلىشىچە، كىشىلەر «ئائىلە» بىلەن «دۆلەت»نى قەلبىنىڭ چوڭقۇرلىرىدىن باغلاشتۇرۇپ بولغان. كىشىلەر دائىم «ئانا ۋەتەن» ياكى «ۋەتەنىنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى» دېگەن گەپنى دائىملا تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇ نۇقتا كىشىلەرنىڭ دۆلىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ جېنىدىن ۋاز كېچىشىگە يېتەرلىك سەۋەب بولالامدۇ؟ ئەجەبا ئاشۇ ئۆرۈش مەيدانىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاقىۋەتتە يەنىلا ئۆز كىچىك ئائىلىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداۋاتقانلىقىغا ئىشىنەمدۇ؟ بۇنى پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىشىغا تېگىشلىك چوڭ بىر تېما دېيىشكە بولىدۇ.

ئانالىزچىلار ھېچبولمىغاندا ھازىرقى جەمئىيەتتە بىر دۆلەت باشقا دۆلەتنى ئىگىلىۋېلىش ياكى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۆرۈش قوزغايدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە باشقا دۆلەت ئۇنى تاجاۋۇزچى دەپ قارىسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتى ۋە شان ـ شەرىپىنى قوغداۋاتقانلىقىدا چىڭ تۇرىدۇ. ھەر بىر دۆلەت مىليونلىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر شەك ـ شۈبھىسىز ئۆزلىرىنى دۆلەت ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. تارىخي ئانالىز كۆرسىتىپ بەرگەن

«ھەقىقىي» سەۋەب نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ كىشىلەرنىڭ پىسخىكا ئامىل تۈپەيلىدىن كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ رەھىمسىزلىكىگە چىداشقا ئۈندەيدۇ.

بۇ قىسىمدا بىز نەچچە خىل پىسخىكىلىق ئامىل ئارقىلىق ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىكى زوراۋانلىقنى ئورۇنلۇقتەك كۆرسىتىش ئۇسۇلىنى مۇنازىرە قىلدۇق. بىز «پىسخىكا ۋە تۇرمۇش»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى تېمىسى سۈپىتىدە نەزىمىزنى تىنىچلىق پىسخىكىسىغا ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ پسخولوگىيەنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تىنىچ ياشاشنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

بىز بۇ قاراشلار ئۈستىدە تەپسىلىي ئويلىنىپ باقايلى، قانداق قىلغاندا ئۆلتۈرۈش قوزغىماي، جەمئىيەت پىسخىكىسىدىن پايدىلىنىپ تىنىچلىقنى قوغدىيالايمىز؟ قانداق قىلغاندا مەلۇم دائىرىدىكى، ھەتتا دۇنيا خاراكتېرلىك بىر قىسىم ئىناق بولمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇ يەردە پىسخولوگىيە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئامېرىكا پسخولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تىنىچلىق پسخولوگىيىسى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇنى دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە ئائىلىنىڭ ئىچكى تىنىچلىقى ئىلگىرى سۈرۈشتە رول ئوينىغۇزۇشقا تىرىشقان. كىشىلەرنى زوراۋانلىققا ئائىت ۋە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك توقۇنۇشلارنىڭ باشلىنىشىنى، نەتىجىسىنى ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ، تەربىيىلەشكە ئىلھاملاندۇرغان. بىز پىسخولوگىيەنىڭ قوللىنىلىشى ئارقىلىق بۇ مەقسەتلەرگە قانداق قىلىپ يەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىككى مىسال كەلتۈرىمىز.

### ھۆكۈمەت ۋە رەھبەر ئۇسۇلغا بولغان ئانالىز

دەسلەپكى مەزگىلدىكى تىنىچلىق پسخولوگىيىسى تەتقىقاتى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان دۇنياۋى ۋەقەلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن تەرەققىي قىلغان. جەمئىيەت پىسخولوگىيىسىنىڭ بىلمەكچى بولغىنى رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى ھۆكۈمەت قانداق قىلىپ كوللېكتىپنىڭ ھەرىكىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ؟ قايسى خىل پسخىكىلىق ھالەت ھېتلېرنىڭ گېرمانىيەدە  مۇسۇلىنىنىڭ ئىتالىيەدە باش كۆتۈرۈشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ بۇ كاتتىۋاشلار سانسىزلىغان كىشىلەرنى ھېچقانداق ئوي ـ خىيالى بولمىغان كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئايرىمايدىغان ساداقىتىنى فاشىزىمنىڭ ئىدىئولوگىيەسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ھەر يەردە يەتكۈچە تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. ھازىرقى زامان ئىجتىمائىيەت پسخولوگىيىسى پەقەت مۇشۇ قورقۇنچقا تولغان، زىيانكەشلىك ۋە ئۆلتۈرۈش يۈز بېرىۋاتقان دوزاخنىڭ سىرتىدىلا ھەقىقىي تەرەققىي قىلالايدۇ. ئىلگىرىكى پسخولوگىيە ئالىملىرى تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى فاشىزىمغا سەۋەب بولغان نوپۇزغا ئېرىشىش

خاراكتېرىگە؛ قايىل قىلىش ۋە تەشۋىقات ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۈنۈمىگە، ھەمدە كوللېكتىپنىڭ روھىي ھالىتىگە، ۋە كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىشقا قاراتقان.

ئىجتىمائىيەت پسىخولوگىيىسىنىڭ پېشقەدەملىرىدىن كۇت لېۋىن ناتسىپستلارنىڭ باستۇرۇشىدىن قېچىپ چىققان گېرمانىيە مۇساپىرى بولۇپ، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز دۆلىتىنىڭ نېمىشقا مۇستەبىت فاشىستلار ھۆكۈمرانلىقىغا باش ئەگكەنلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلايدۇ. ئۇ سانسىزلىغان خەلقنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا شوئار توۋلاپ، دۆلەت باشلىقىغا سادىقلىقىنى بىلدۈرگەن كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. كىشىنى شۈنچىلىك يۈرەكئالدى قىلىدىغان كۆرۈنۈش كوللېكتىپنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىدىغان غايەت زور كۈچىنى، ھەمدە كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپقا بولغان تەسىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. كۇت لېۋىن كوللېكتىپ ھەرىكەت ئىلمىنى تەتقىق قىلغان — رەھبەرلىك قىلغۇچىلار مۇشۇ ۋاستە بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، كوللېكتىپ ھەرىكىتىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىدۇ.

1939 ـ يىلى، ئوخشىمىغان رەھبەرلىك ئۇسلۇبىنىڭ كوللېكتىپنىڭ ھەرىكىتىگە بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، كۇت لېۋىن ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى مۇنداق بىر تەجرىبە لايىھىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى خەلق زادى مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئاستىدا ھەقىقىي خۇشاللىققا ئېرىشىپ، تېخىمۇ ئاكتىپچان ھالەتنى بەرپا قىلامدۇ ياكى دېموكراتىك رەھبەر ئاستىدىمۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىش بولغان. ئوخشىمىغان رەھبەرلىك ئۇسلۇبىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرىنى باھالاش ئۈچۈن، تەتقىقاتچىلار ئۈچ تەجرىبە ئەترىتى تەشكىللەپ، ھەر بىر گۇرۇپپىغا ئوخشىمىغان ئۇسلۇبتىكى رەھبەرلىك ئۇسلۇبىنى سەپلەپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتكەن. سىناق گۇرۇپپىسى ئون ياشلىق ئوغۇللاردىن تەشكىل قىلغان بولۇپ، ھەر بىر گۇرۇپپىغا مەخسۇس تەربىيىلىنىشكە قاتناشقان ھەمدە ئوخشىمىغان ئۈچ خىل رەھبەرنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان كىشى رەھبەر قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇلار ھەر بىر گۇرۇپپىدا ئالمىشىپ، ئوخشاش بولمىغان روللارنى ئالغان. ئۇلار مۇستەبىت ھۆكۈمرانىنىڭ رولىنى ئالغاندا، ھەممە قارارنى ئۆزلىرى چىقارغان، خىزمەت ۋەزىپىسىنى تەقسىملەپ بەرگەن، لېكىن گۇرۇپپا ھەرىكىتىگە قاتناشمىغان. ئۇلار دېموكراتىك باشلامچى بولغاندا بولسا كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرغان ۋە ئۆزلىرىمۇ پىلانلاش قاتارلىق ئىشلارغا قاتناشقان. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇلار ئەركىن رەھبەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققاندا، گۇرۇپپا ئەزالىرىغا پۈتۈنلەي ئەركىنلىك بەرگەن بولۇپ، ناھايىتى ئاز ۋاقىتلاردا رەھبەر سۈپىتىدە پائالىيەتلەرگە قاتناشقان.

باشقا گۇرۇپپىلارنىڭ روھىي ھالىتىگە سېلىشتۇرغاندا، دېموكراتىيە گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېموكراتىك رەھبەر ھەممىدىن بەك ئۆز تۈپىدىكىلەرنىڭ دوستانە مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان. ئەمما،

مۇستەبىت رەھبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى گۇرۇپپىدىكى شەخسلەرنىڭ سەلبىي ئىنكاسى نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك بولغان.

لېۋىننىڭ تەجرىبىخانىسىدا توغرا دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان ئىش، رېئال تۇرمۇشتىمۇ توغرىدۇر. مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار دۈشمەنلىك كەيپىياتىنىڭ توختاۋسىز رەۋىشتە ئېشىشىغا سەۋەب بولغان. كىشىلەرنىڭ بۇ بايقاش توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ. جاڭجال ئىچىدىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېلولىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئانالىز قىلغىنىمىزدا، بىزنىڭ تەتقىقات نەتىجىمىز بىلەن رېئال تۇرمۇشتىكى ئەھۋالنىڭ ئوپمۇ ئوخشاش بولغانلىقىنى بايقىۋېلىشىمىز تەس ئەمەس. (Rummel, 1994) مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ساناقسىز كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدە باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتى بار. گەرچە دېموكراتىك ھاكىمىيەتلەردىمۇ ھەقسىز قان ئېقىشلار بولغان بولسىمۇ، بىراق دېموكراتىك تۈزۈلمىدىكى ھاكىمىيەتلەردە ھەقسىز ئۆلۈم ـ يېتىملەر مۇستەبىت ھاكىمىيەتتىكى ئۆلۈمگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئاز بولغان. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، مۇستەبىت، بيۇروكرات ھاكىمىيەتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلاردا باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئەمەس، باشقا شەكىلدىكى قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك ئەڭ كۆپ ئۆلۈم ـ يېتىم بولغان.

ئەلۋەتتە، بىر دېموكراتىك دۆلەت يەنە بىر دېموكراتىك دۆلەت بىلەن كەمدىن ـ كەم ئۇرۇش قىلىسىمۇ، بىراق، بۇ ھەرگىزمۇ باشقا خىل تۈزۈلمىدىكى دۆلەتلەرگە قارىغاندا دېموكراتىك دۆلەتلەر ناھايىتى ئاز ئۇرۇش قىلىدۇ، دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. (Maoz & Abdolali, 1989) تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، دېموكراتىك ئەللەرنىڭ خەلقى باشقا دېموكراتىك دۆلەتكە قارشى قورال كۈچى ئىشلىتىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. ئەمما، باشقا تۈزۈلمىدىكى ھاكىمىيەتكە كەلگەندە بۇ خىل راۋا كۆرمەسلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

«پسخولوگىيە ۋە ھايات» ناملىق ئەسەردىن ئاينۇر ئابدۇۋەلى تەرجىمە قىلدى

تەرجىمە تەھرىرى: ھېكمەتيار ئىبراھىم


مىسلىسىز ئويغىنىش
ۋاقىت باشقۇرۇشتىكى مۇھىم
پرىنسىپلار
براين چېيسى

# ۋاقىت باشقۇرۇشتىكى مۇھىم پىرىنسىپلار

بىراين چېيسى

## نىشانىڭىز ئېنىق بولسۇن

كىشى مۆجىزە يارىتىپ قازىنىش ئۈچۈن ئۆزىدە چوقۇم تۆۋەندىكىدەك ساپالارنى ھازىرلىشى، يەنى نىشانى ئېنىق بولۇشى، ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىشى، شۇنداقلا ئاشۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستىكى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك.

—— ناپالىئون خىل (Napoleon Hill)

«پاقا»ڭىزنى (ئاپتور «پاقا»نى كۈندىلىك ئەڭ قىيىن ئىشقا سىمۋول قىلغان) بەلگىلەشتىن ۋە ئۇنى يەۋېتىشتىن ئىلگىرى (يەنى ئۇنى قىلىپ، پۈتتۈرىشىڭىزدىن ئىلگىرى)، ھاياتىڭىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە قانداق مۆجىزىلەرگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى بېكىتىۋېلىشىڭىز كېرەك. نىشانىنىڭ ئېنىق بولۇشى شەخسنىڭ ئۈنۈمدارلىقى جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر.

بەزىلەرنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر تالاي ئىشلارنى قىلىپ بولالىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى —— نىشان ۋە غايىلىرى جەھەتتىكى تونۇشىنىڭ ئېنىقلىقى ۋە شۇ نىشان ـ غايىلەردىن چەتنىمەسلىكىدۇر.

نېمىگە ئېرىشمەكچى ۋە ئۇنى قانداق روياپقا چىقارماقچى ئىكەنلىكىڭىز ھەققىدىكى پىلانىڭىز قانچە ئېنىق ۋە كونكرېت بولسا، سۆرەلمىلىكتىن قۇتۇلۇشىڭىز، «پاقا»نى يەۋېتىشىڭىز ۋە ئىشلىرىڭىزنى تاماملىشىڭىزمۇ شۇنچە ئاسانلىشىدۇ.

سۆرەلمىلىكنىڭ ۋە ئىستەكسىزلىكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى —— نېمىلەرنى قىلىش، ئۇلارنى قايسى تەرتىپ بويىچە قىلىش ۋە نېمە ئۈچۈن قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئېنىقسىزلىق ۋە گاڭگىراشتۇر.

قىلغان ھەربىر ئىشىڭىزدا نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنى تېخىمۇ ئېنىق ـ كونكرېت قىلىشقا تىرىشىش ئارقىلىق بۇ خىل ھالەتتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىڭ.

قائىدە ـــ «قەغەز يۈزىدە تەپەككۇر قىلىڭ»

قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ئۈچ پىرسەنتىنىڭلا ئېنىق ۋە يازما شەكىلدىكى نىشانلىرى بار. بۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش (ياكى تېخىمۇ ئۈستۈن) مائارىپ تەربىيەسىگە ياكى قابىلىيەتكە ئىگە، ئەمما ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى قەغەزگە يازمىغانلارغا قارىغاندا بەش ـ ئون ھەسسە كۆپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

ھاياتىڭىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمىدا، نىشانلىرىڭىزنى بەلگىلەشتە ۋە ئۇنى روياپقا چىقىرىشتا پايدىلانسىڭىز بولىدىغان پەۋقۇلئاددە ئۈنۈملۈك بىر فورمۇلا بار.

بۇ فورمۇلا يەتتە ئاددىي باسقۇچتىن تەركىب تاپقان. بۇ باسقۇچلارنىڭ ھەرقانداق بىرىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ھاياتىڭىزغا تەدبىقلىيالىسىڭىز، ئۈنۈمدارلىقىڭىز ئىككى ياكى ئۈچ ھەسسە ئاشىدۇ.

مېنىڭ تەربىيە پروگراممىلىرىمنى تاماملىغانلارنىڭ نۇرغۇنى بىر قانچە يىل، ھەتتا بىر قانچە ئاي ئىچىدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئاشۇرغان.

بىرىنچى باسقۇچ

زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېنىق بەلگىلەڭ:

بۇ ئىشنى ئۆز ئالدىڭىزغا قىلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ياكى باشقۇرغۇچىڭىز بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ، سىزدىن نېمىلەرنىڭ قايسى تەرتىپ بويىچە قىلىنىشىنىڭ كۈتۈلۈۋاتقانلىقى ھەققىدە ئوپئوچۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلغانغا قەدەر، نىشانلىرىڭىز توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشسىڭىزمۇ بولىدۇ.

مۇشۇنىڭغا مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە باشقۇرغۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىپ باقماستىن، كۈنلىرىنى ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوقلۇقىنى ئۇنۇتماڭ.

قائىدە: «ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ ئەڭ ناچار ئۇسۇللىرىدىن بىرى ھېچبىر زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشتۇر».

ستېفىن كوۋېي (stephen covey) بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: «پۈتكۈل مۇۋەپپەقىيەت شوتىسىغا قويۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ مەزمۇت بىر تامغا يۆلەنگەن ـ يۆلەنمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ».

ئىككىنچى باسقۇچ

قەغەزگە يېزىڭ:

قەغەز يۈزىدە تەپەككۇر قىلىڭ. نىشانىڭىزنى يازما ھالەتكە كەلتۈرگەنلىكىڭىز ئۇنى كونكرېتلاشتۇرغانلىقىڭىزدۇر.

بۇنداق بولغاندا، تۈتقىلى ۋە كۆرگىلى بولىدىغان بىر نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولىسىز.

يەنە بىر تەرەپتىن، يازما شەكىلگە كەلتۈرۈلمىگەن نىشان ئۇنى قوزغىتىدىغان ئېنېرگىيەسى يوق تىلەك ياكى فانتازىيەدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يېزىلمىغان نىشانلار كاللىدىكى مۆجمەللىككە، ئېنىقسىزلىققا، نىشاندىن ئېغىپ كېتىشكە ۋە باشقا خىلمۇخىل خاتالىقلارغا يول ئاچىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ

نىشانىڭىزغا ۋاقىت چېكى بېكىتىڭ:

ۋاقىت چېكى يوق نىشاننىڭ تەخىرسىزلىكى بولماسلىقى ئېنىق.

بىر ئىشنى روياپقا چىقىرىشتا مۇئەييەن مەسئۇلىيەتلەرگە ياندىشقان ئېنىق ۋاقىت چېكى بولمىسا، تەبىئىي ھالدا ئۇ ئىشنى كەينىگە سۆرەيسىز ۋە نەتىجىدە مەغلۇب بولىسىز.

تۆتىنچى باسقۇچ

نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىشىڭىز كېرەك بولغان ئىشلار ھەققىدە، كاللىڭىزغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىنى بىر تىزىملىك ھالىتىدە يېزىپ چىقىڭ:

كاللىڭىزدا (شۇنىڭغا ئالاقىدار) يېڭى ئىشلار پەيدا بولسا، ئۇنىمۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈڭ ۋە تىزىملىكنى تاماملىغانغا قەدەر، شۇنداق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

بۇ خىل تىزىملىك نىشاننىڭ «سۈرەتلىك» نۇسخىسىنى كۆز ئالدىڭىزدا زاھىرلاندۇرىدۇ ۋە شۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماڭىدىغان يولىڭىزنى كۆرسىتىپ

بېرىدۇ، شۇنداقلا نىشانىڭىزنى دەل ۋاقتىدا، ئۆزىڭىز بېكىتكەندەك تاماملاش مۇمكىنچىلىكىڭىزنى ئاشۇرىدۇ.

بەشىنچى باسقۇچ

(يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) تىزىملىكنى پىلان ھالىتىگە كەلتۈرۈك:

بۇ باسقۇچتا تىزىملىكىڭىزدىكى مەزمۇنلارنى تەرتىپ بويىچە تىزىپ چىقىڭ. نېمىلەرنى ئەڭ ئاۋۋال، نېمىلەرنى كېيىنرەك قىلىشىڭىز بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر قانچە مىنۇت ئويلىنىڭ.

بۇنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى شۇكى، بىر بەت قەغەزگە تىزىملىكتىكى ۋەزىپىلەرنى تۆت چاسا ياكى يۇملاق بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەڭ، ئاندىن تۈز سىزىق ۋە ئىستىرېلكىلار ئارقىلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىڭ. پىلانىڭىزنى پەرقلىق باسقۇچلارغا ئايرىيالىغان تەقدىردە، نىشانىڭىزغا نە قەدەر ئاسان يەتكىنىڭىزگە ئۆزىڭىزمۇ ھەيران قالىسىز.

يازما نىشان ۋە تەشكىللىك ھەرىكەت پىلانى ئارقىلىق پىلاننى كاللىسىدىلا قالدۇرغان كىشىلەرگە قارىغاندا، تېخىمۇ ھوسۇلدار ۋە ئۈنۈمچان بولالايسىز.

ئالتىنچى باسقۇچ:

پىلانلىرىڭىزنى دەرھال ئىجرا قىلىڭ:

نېمە بولسا مەيلى، ئىشقىلىپ بىر ئىش قىلىڭ. سىجىللىق بىلەن ئىجرا قىلىنغان ئوتتۇراھال پىلان پەقەتلا ئىجرا قىلىنمىغان مۇكەممەل پىلاندىن مىڭ ياخشىدۇر. مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسىڭىز، ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ.

يەتتىنچى باسقۇچ:

ھەر كۈنى سىزنى باش نىشانىڭىزغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىڭ:

قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى كۈندىلىك پىلان شەكلىدە تۈزۈپ چىقىڭ. ھەركۈنى مۇھىم تېمىلاردا مەلۇم مىقداردا كىتاب ئوقۇڭ (ماتېرىيال كۆرۈڭ)، مۇئەييەن ۋاقىت ئاجرىتىپ چېنىقىڭ.

مەلۇم مىقداردا چەت ئەل تىلى سۆزلۈكى يادلاڭ، بىر كۈنىڭىزنىمۇ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ.

توختىماي ئىلگىرىلەڭ، ھەرىكەتكە ئۆتكەنىكەنسىز، ھەرگىز توختاپ قالماڭ. ئەنە شۇ قەتئىيلىك ۋە ئىنتىزامچانلىقىڭ ئۆزىلا سىزنىڭ ئۆز مۇھىتىڭىزدىكى ئەڭ ئۈنۈمدار ۋە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك كىشىلەردىن بىرى بولۇشىڭىزغا يېتىدۇ.

ئېنىق ۋە يازما شەكىلدىكى نىشانلار تەپەككۇرىڭىزغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار سىزنى رىغبەتلەندۈرىدۇ ۋە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، ئىجادچانلىقىڭىزنى قوزغىتىپ، ئېنېرگىيەلىرىڭىزنى قېزىپ، سىزنى سۈرەلمىلىكتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

نىشانلار مۇۋەپپەقىيەت ئوچىقىنىڭ ئوتۇنلىرىدۇر. نىشان قانچىكى چوڭ ۋە ئېنىق بولسا، ئۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتىمۇ شۇنچە جۇشقۇن بولالايسىز.

نىشانلىرىڭىز ھەققىدە قانچە كۆپ ئويلانسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستىكىڭىزمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ.

دائىم نىشانلىرىڭىز ھەققىدە ئويلىنىڭ ۋە ئۇلارنى ھەركۈنى كۆزدىن كەچۈرۈڭ. ھەر كۈنى سەھەردە، شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە نىشانىڭىزغا يېتىش يولىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش نېمە بولسا، شۇنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ.

### ئۇ پاقنى يەۋېتىڭ

دەرھال قولىڭىزغا بىر قەغەز ئېلىڭ ۋە ئالدىڭىزدىكى بىر يىلدا ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان ئون نىشانىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىزىملىك تۈزۈپ چىقىڭ. نىشانلىرىڭىزنى «بىر يىلدىن كېيىن، ھەممىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇۋەتكەن»دەك يېزىڭ. ھازىرقى زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى شەخس شەكلىدە، ئاكتىپ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىڭكى، يوشۇرۇن ئېڭىڭىز بۇلارنى دەرھال قوبۇل قىلسۇن.

مەسىلەن، شۇنداق دەپ يېزىڭ: «مەن يىلدا ... دوللار كىرىم قىلىمەن»، ياكى «ئېغىرلىقىم ... كىلو»، ياكى «... ماركىلىق ماشىنام بار».

ئاندىن، بۇ (ئون نىشانلىق) تىزىملىككە قايتىدىن كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىڭ ۋە ئەگەر روياپقا چىققان تەقدىردە، بۇلاردىن قايسىسىنىڭ ھاياتىڭىزغا ئەڭ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بېكىتىڭ. ئاندىن ئاشۇ نىشانىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئايرىم بىر قەغەزگە يېزىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت چېكى بەلگىلەڭ، پىلان تۈزۈڭ، پىلانىڭ تەقەززاسى بويىچە ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ ۋە ھەركۈنى سىزنى ئاشۇ نىشانغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىڭ. ئەنە شۇنچىكى ھەرىكەتمۇ پۈتۈن ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە قادىردۇر.

## ھەربىر كۈنىڭىزنى ئالدىن پىلانلاڭ

«پىلان تۈزۈش كەلگۈسىنى بۈگۈنگە ئەكېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىشلارنى قىلىش دېگەنلىكتۇر»

—— ئالان لېيكېين (Alan Lakein)

سىز چوقۇم «قانداق قىلغاندا پىلنى يەۋەتكىلى بولىدۇ؟» دېگەن سوئالنى ئاڭلاپ باققان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، «بىر چىشلەم، بىر چىشلەمدىن يېگەندە، يەۋەتكىلى بولىدۇ».

ئۇنداقتا، «ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ سەت پاقىنى قانداق قىلغاندا يەۋەتكىلى بولىدۇ؟»، ئۇنىمۇ «قەدەم ـ باسقۇچلارغا بۆلۈپ، ئىشنى بىرىنچى قەدەمدىن باشلاپ» يەۋەتكىلى بولىدۇ.

زېھنىڭىز، يەنى تەپەككۇر قىلىش، پىلانلاش ۋە قارار چىقىرىش قابىلىيىتىڭىز ئۇنۇمدارلىقىڭىزنى ئاشۇرۇش ۋە ئىشلارنى كەينىگە سۈرەش خاھىشىڭىزدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قورالىڭىزدۇر. نىشان بەلگىلەش، پىلان تۈزۈش ۋە ئۇلارنى ئىجرا قىلىش قابىلىيىتىڭىز ھاياتىڭىزغا يېڭىچە تۈس ئاتا قىلىدۇ. تەپەككۇر ۋە پىلانلاش قىلمىشلىرى ئىجادچانلىقىڭىزنى قوزغىتىپ، ھەم جىسمانىي، ھەم زېھنىي قۇۋۋىتىڭىزنى ئۇرغۇتىدۇ.

ئالېكس ماككېنزى (Alex Mackenzie) شۇنداق دېگەن: «ھەربىر مەغلۇبىيەتنىڭ ئاستىدا پىلانسىز ھەرىكەت ياتىدۇ». ھەرىكەتكە ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ياخشى پىلان تۈزۈش ئىقتىدارىڭىز سىزنىڭ ئۇنىۋېرسال قابىلىيىتىڭىزنىڭ كۆرسەتكۈچىدۇر. پىلانىڭىز قانچە مۇكەممەل بولسا، سۈرەلمىلىكتىن ساقلىنىشىڭىز، ھەرىكەتكە ئۆتۈشىڭىز، «پاقا»نى يەۋېتىشىڭىز ۋە شۇ تەرىقىدە سىجىللىقتا كاپالەتلىك قىلىشىڭىز شۇنچە ئاسان بولىدۇ.

خىزمەت ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم نىشانلىرىڭىزدىن يەنە بىرى —— زېھنىي، ھېسسىي ۋە جىسمانىي تىرىشچانلىقلىرىڭىزدىن مۇمكىنقەدەر كۆپ نەتىجە ھاسىل قىلىش بولۇشى كېرەك. ئىشىنىڭ ياخشى تەرىپى شۇكى، پىلانلاش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ھەربىر مىنۇت ئىجرائاتتىكى ئون مىنۇتىڭىزنى تېجەپ قالىدۇ. بىر كۈنلۈك پىلان تۈزۈشكە پەقەتلا ئون مىنۇتتىن 12 مىنۇتقىچە ۋاقىت كېتىدۇ، ئەمما مۇشۇنچىلىك سەرمايىگە تايىنىپلا ئىككى سائەت (100 ~ 120 مىنۇت) ۋاقتىڭىزنى زايە قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىپ قالالايسىز.

سىز بەلكىم «ئالدىن تۈزۈلگەن توغرا پىلان ناچار ئىجرائاتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» (Proper Prior Planning Prevents Poor Performance) دېگەن «ئالتە P» تېئورېمىسىنى ئاڭلاپ باققان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

پىلانلاشنىڭ ئۈنۈمدارلىقىڭىزنى ۋە ئىپادىڭىزنى ياخشىلاشتا نە قەدەر مۇھىم رول ئويناي‌دىغانلىقىنى بىلسىڭىز، كۈندىلىك ھاياتىدا ئۈنىڭدىن (پىلانلاشتىن) پايدىلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ بۇنچە ئازلىقىدىن ھەيران بولماي تۇرالمايسىز. ھالبۇكى، پىلان تۈزۈش ئاجايىپ ئاسان بىر ئىش.

بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت قولىڭىزغا قەغەز ـ قەلەم ئالسىڭىزلا كۇپايە. بۇ جەھەتتە ئەڭ ئىلغار كومپيۇتېر، ئەڭ مۇرەككەپ كومپيۇتېر پروگراممىلىرى ياكى ۋاقىت پىلانلىغۇچنىڭ پىرىنسىپلىرى ئوخشاش. يەنى سىز ئىشىڭىزنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئولتۇرۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىزنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقسىڭىزلا بولىدۇ.

ھەردائىم (مۇشۇ خىل) تىزىملىككە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىڭ. يېڭى بىر ئىشنى پىلانلىغاندا، ئۇنى قىلىشتىن ئىلگىرى تىزىملىككە كىرگۈزۈڭ. تىزىملىكىڭىزگە ئۇيغۇن ھالەتتە ئىشلەشكە باشلىغان تۇنجى كۈندىن ئېتىبارەن، ئىش ئۈنۈمىڭىزنى ئەڭ كەمىدە 25 پىرسەنت ئاشۇرالايسىز.

بىر كۈنلۈك تىزىملىكىڭىزنى ئالدىنقى كۈنلۈك خىزمىتىڭىز ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھازىرلاڭ. ئەگەر ئالدىنقى كۈنى تاماملانماي قالغان ئىشلىرىڭىز بار بولسا، ئۇنىمۇ يېڭى تىزىملىككە قوشۇپ يېزىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، سىز ئۇخلاۋاتقاندا، يوشۇرۇن ئېڭىڭىز كېچىچە ئاشۇ تىزىملىكنى مەركەز قىلغان ھالدا ھەرىكەتلىنىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئىشىڭىزنى دەسلەپتە ئويلىغىنىڭىزدىنمۇ تېز ۋە ئوڭۇشلۇق ھالدا بېجىرىشىڭىزگە ياردەم قىلىدىغان ئۆزگىچە پىكىرلەر بىلەن ئويغىنىسىز.

قىلىدىغان ئىشلىرىڭىزنىڭ تىزىملىكىنى ئالدىن تەييارلىۋالسىڭىز ۋە بۇنىڭغا قانچە كۆپ ۋاقىت ئاجراتسىڭىز، مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ۋە ئۈنۈمدارلىقىڭىز شۇنىڭغا ماس ھالدا ئاشىدۇ.

ئوخشىمىغان نىشانلار ئۈچۈن ئوخشىمىغان تىزىملىكلەرگە موھتاج بولىسىز. ئالدى بىلەن، كەلگۈسىدىكى مۇئەييەن بىر مۇددەتتە قىلماقچى بولغان ھەربىر ئىشىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «باش تىزىملىك»تىن بىرنى تۈزۈڭ. بۇ تىزىملىككە كاللىڭىزغا كەلگەن پىكىرلەرنى، ئىشلارنى ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى يېزىڭ. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، بەزى ماددىلارنى كېيىن چىقىرىۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ھەر ئاينىڭ ئاخىرىدا، كېلەركى ئاي توغرىسىدا ئايلىق تىزىملىكتىن بىرنى تۈزۈڭ. بۇ تىزىملىككە «باش تىزىملىك»تىكى بەزى ماددىلارنى كىرگۈزۈشكىمۇ بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ھەر ھەپتىلىك ئىشىڭىزنى باشلاشتىن ئىلگىرى، بىر ھەپتىلىك پۈتۈن پائالىيەتلىرىڭىز پىلانلانغان ھەپتىلىك تىزىملىكتىن بىرنى تۈزۈڭ. بۇ نۆۋەتتىكى ھەپتىدىكى ئىشلىرىڭىزنى قىلىش جەريانىدا تۈزۈلىدىغان تىزىملىكتۇر.

بۇ خىل سىستېمىلىق ۋاقىت پىلانلاش ئادىتىدىن ئىنتايىن زور نەپكە ئېرىشەلەيسىز. نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا كېلەركى ھەپتىلىك پىلان تۈزۈشكە بىر قانچە سائەت ۋاقىت ئاجرىتىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى قايسى دەرىجىدە ئاشۇرغانلىقىنى ۋە ھاياتىنى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئوخشاش ئۇسۇل سىز ئۈچۈنمۇ كارغا كېلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، ئايلىق ۋە ھەپتىلىك تىزىملىكلىرىڭىزدىكى بەزى ماددىلارنى، يەنى ئەتىسى قىلماقچى بولغان مۇئەييەن ئىشلىرىڭىزنى كۈندىلىك تىزىملىكىڭىزگە كىرگۈزۈشىڭىز كېرەك.

كۈندىلىك خىزمەت جەريانىدا، تاماملاپ بولغان ماددىلارغا بەلگە قويۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىز كۆز ئالدىڭىزدا جانلىق نامايەن بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئىلگىرىلەش تۇيغۇڭىز كۈچىيىدۇ. ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىڭىزنى تىزىملىكتىكى بەلگىلەر ئارقىلىق كۆرۈپ تۇرسىڭىز، ھەم رىغبىتىڭىز، ھەم ئېنېرگىيەرىڭىز ئاشىدۇ. ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز ۋە ھۆرمىتىڭىز (قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇڭىز)مۇ كۈچىيىدۇ. كونكرېت ۋە تەرتىپلىك ئىلگىرىلەش سىزنى داۋاملىق ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەپ، سۆرەلمىلىك ۋەسۋەسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

پىلانىڭىزنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پىلانىنىڭ ئەڭ بېشىدىن ئەڭ ئاخىرىدا تاماملانغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق قەدەم ـ باسقۇچلىرىنى بىرمۇبىر تىزىملىككە كىرگۈزۈڭ. پىلان ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىشلارنى مۇھىملىق تەرتىپى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇڭ. ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن قەغەز يۈزىدە ياكى كومپيۇتېر ئېكرانىدا كونكرېتلاشتۇرۇڭ. ئاندىن مۇئەييەن بىر مۇددەت ئىچىدە، شۇ ئىشلارنىڭ پەقەت بىرى بىلەنلا مەشغۇل بولۇڭ. شۇ تەرىقىدە قانچىلىك تېز ئىلگىرىلەيدىغانلىقىڭىزنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقايسىز.

تىزىملىك بويىچە ئىلگىرىلىگەنچە ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ئۈنۈمدار ۋە كۈچلۈك ھېس قىلىسىز. ھاياتىڭىز تېخىمۇ بەك كونتروللۇقىڭىزدا بولىدۇ. تەبىئىي ھالدا، تېخىمۇ كۆپ

ئىش قىلىشقا رىغبەتلىنىسىز، تېخىمۇ ياخشى ۋە ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشقا باشلايسىز، هازىرقىدىنمۇ تېز خىزمەت قىلىشقا بولغان ئىستىكىڭىز تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

مۇشۇ شەكىلدە خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغانچە، هوروۇنلۇقىڭىزنى يېڭىشىڭىزگە ياردەم قىلىدىغان ئاكتىپ ئىلگىرىلەش تۇرتكىسى شەكىللىنىدۇ. بۇ تۇرتكە سىزگە تېخىمۇ كۆپ ئېنېرگىيە بېرىدۇ ۋە كۈنبويى ئىنتايىن يۇقىرى خىزمەت قىزغىنلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ.

شەخسىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئەڭ مۇهىم پىرىنسىپلىرىدىن بىرى **90/10** پىرىنسىپىدۇر. بۇ پىرىنسىپقا كۆرە، سىز ئىشىڭىزنى پىلانلىغان ۋە ئورۇنلاشتۇرغاندا سەرپ قىلغان ئون پىرسەنت ۋاقىت، ئىشنى باشلىغاندىن كېيىن توقسان پىرسەنتكىچە ۋاقتىڭىزنى تېجەپ بېرىدۇ. بۇ پىرىنسىپنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنى بىر قېتىم سىناپ باقسىڭىزلا كۇپايە.

هەركۈنىڭىزنى ئالدىن پىلانلىسىڭىز، ئىشلىرىڭىزنى قىلىشنىڭ كۆپ ئاسانلاشقانلىقىنى بايقايسىز. ئىشلىرىڭىز ئىلگىرىكىگە نىسبەتەن هەم تېز، هەم مەسىلە كۆرۈلمەستىن تاماملىنىپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە قابىلىيەتلىك هېس قىلىسىز ـ دە، ئاخىرىدا «توختاتقىلى بولمايدىغان» بىرىگە ئايلىنىسىز.

### ئۇ «پاقا»نى يەۋېتىڭ

هەر كۈننى، هەر هەپتىنى، هەر ئاينى ئالدىن پىلانلاڭ. قولىڭىزغا خاتىرە دەپتەر ياكى بىر ۋاراق ئېلىڭ ـ دە، ئۇنىڭغا ئالدىڭىزدىكى بىر سوتكا ئىچىدە نېمىلەرنى قىلىشىڭىز كېرەكلىكىنى يېزىڭ. كاللىڭىزغا يېڭى نەرسىلەر كەلسە، بىردەك تىزىملىككە قوشۇپ مېڭىڭ. كەلگۈسىڭىز ئۈچۈن مۇهىم بولغان بارلىق پىلانلارنى ۋە كۆپ باسقۇچلۇق ئىشلارنى مۇشۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈڭ.

بارلىق ئاساسىي نىشانلىرىڭىزنى، پىلانلىرىڭىزنى ۋە ئىشلىرىڭىزنى مۇهىملىق تەرتىپى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇڭ. يەتمەكچى بولغان نىشان هەر ۋاقىت كۆز ئالدىڭىزدا بولسۇن.

قەغەز يۈزىدە تەپەككۇر قىلىڭ! هەردائىم تىزىملىك بويىچە ئىشلەڭ. نە قەدەر ئۈنۈمدارلىشىپ كېتىدىغانلىقىڭىزغا ۋە «پاقا»نى نە قەدەر ئاسان يەۋېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئۆزىڭىزمۇ هەيران قالىسىز.

براين چېيسىنىڭ «ئۇ پاقىنى يەڭ» ناملىق ئەسىرىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى



# مېڭىش ۋە ساغلاملىق

# مېڭىش ۋە ساغلاملىق

ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا مېڭىشتۇر. — ھېپوكرات

پۈتلىرىم ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغىنىدا، تەپەككۇرۇم ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. — ھېنىدرىي داۋىد سورۇ

مېڭىش يالغۇز تەن ساغلاملىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، روھىي ساغلاملىق ئۈچۈنمۇ ئەڭ مۇھىم تەنھەرىكەتلەردىن بىرىدۇر.

ئىلمىي تەتقىقاتلاردا ھەرىكەتسىزلىكنىڭ دىئابىت كېسىلى، قەلب ـ تومۇر كېسەللىكلىرى ۋە خىلمۇ ـ خىل راك كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا سەۋەب بولىدىغان ئەڭ خەتەرلىك ھالەتلەردىن بىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. ھەتتا، ھەرىكەتسىزلىكنىڭ خەتىرى شۇ دەرىجىدىكى، ھەرىكەتسىز ھايات كەچۈرىدىغان بىر كىشىنىڭ ئۆز بەدىنىگە سالىدىغان زىيىنى كۈندە بىر قاپ تاماكا چېكىدىغان بەڭگىنىڭ ئۆز بەدىنىگە سالىدىغان زىيىنى بىلەن ئوخشاش، دەپ قارىلىدۇ.

خوش، ھەرىكەتسىزلىكنىڭ بۇنچىۋالا ئېغىر خەتىرى بار ئىكەن، ئۇنداقتا ھەرىكەت قىلىشنىڭ ـ مېڭىشنىڭ پايدىلىرى قايسىلار؟

مېڭىشنىڭ پايدىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

* قەلب ـ تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛
* راك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛
* قان ئايلىنىشنى ياخشىلايدۇ؛
* نەپەس ئېلىشنى تېزلەشتۈردۇ؛
* ھۈجەيرىلەرگە قان ۋە ئوكسىگېننىڭ ئېقىشىنى ئاشۇرىدۇ؛
* تېرىنى ياخشىلاپ، گۈزەللەشتۈرىدۇ؛
* بەدەندىكى كالورىيەنىڭ سەرپ قىلىنىشىنى ئاشۇرۇپ، بەدەندە ياغ پەيدا بولۇشنى ئازايتىدۇ؛
* ساغلام ئۇزۇقلۇنۇشنى ۋە ئورۇقلاشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ؛
* بەدەننىڭ ئېلاستىكىلىقىنى ۋە ھەرىكەت قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ؛

* ئەزالاردىكى تەڭپۇڭلۇقنى ۋە ماسلىششچانلىقنى ئاشۇرىدۇ؛
* سۆڭەكلەرنى كۈچلەندۈرۈپ، سۆڭەكنىڭ چۈرۈكلىشىشىنىڭ ۋە ئاجىزلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛
* قاندىكى شېكەرنى ۋە ئىنسۇلىن سەۋىيەسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ؛
* مېڭىنىڭ «خۇشاللىق هورمونلىرى»نى ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىپ، بېسىمنى يېنىكلىتىپ، كەيپىياتنى ياخشىلايدۇ؛
* چۈشكۈنلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چۈشكۈنلۈكنى تۆۋەنلىتىدۇ؛
* جىنسىي ئىقتىدارنى ئاشۇرىدۇ؛
* ئەقلىي پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرىدۇ؛
* قان بېسىمىنىڭ تەڭپۇڭلىشىشىغا ياردەم بېرىدۇ؛
* قېرىشنى ئاستىلىتىدۇ.
* كالورىيەرىڭىزنى كۆيدۈرۈپ، بەدەن ئېغىرلىقىڭىزنى چۈشۈرىدۇ.
* جاهىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش خەترىنى تۆۋەنلىتىدۇ.
* هەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ؛
* يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ؛
* بوغۇم ئاغرىقىنى بەسەيتىدۇ؛
* ئىممۇنىت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ؛
* ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

بۇنچىۋالا كۆپ پايدىلارنى هېچقانداق يېمەكلىكتىن ياكى هېچقانداق دورىدىن قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. مېڭىشنىڭ هەر بىر پايدىسىنى بىر تال دورىغا تەڭداش دېسەك، يۇقىرىقى پايدىلارنىڭ هەممىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كۈنىگە يىگىرمە بەش تال دورا يېيىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. بىلگىنىڭىزدەك، كۈندە يىگىرمە بەش تال دورا يېيىش مۇمكىن ئەمەس، هەم بۇنداق دورا يېيىش بەدەننى تېزلا كېرەكتىن چىقىرىدۇ.

ئورۇقلاش ۋە بەدەن ئېغىرلىقىنى چۈشۈرۈش كويىدىكى كىشىلەر شۇنى ياخشى بىلىشى لازىمكى، ئۇرۇقلاش ۋە بەدەن ئېغىرلىقىنى چۈشۈرۈشنى نىشانلىغان هەر قانداق ئورۇقلىتىش تېپىدىكى يېمەكلىك پىلانى مۇنتىزىم تەنهەرىكەت ۋە مېڭىش بىلەن بىرلەشمەي تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

تەنهەرىكەت يالغۇز كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، مەۋجۇت كېسەللىكلەردىن قۇتۇلۇش ۋە يېنىكلىتىش جەهەتتىنمۇ بەك مۇھىمدۇر.

ئىلمىي تەتقىقاتلاردا يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى، دىئابىت كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ مۇنتىزىم ھەرىكەت ۋە چېنىقىش ئارقىلىق ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتىدىغانلىقى، بۇ خىل بىمارلارنىڭ دورىغا بولغان ئېھتىياجىنى ئازايتىدىغانلىقى ئېنىقلانغان.

كۈندە ئون مىڭ قەدەم مېڭىش ساغلام ھايات ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم تەۋسىيەلەردىن بىرىدۇر. كۆنىمىزدىكى ئەقىللىق تېلفونلارنىڭ ھەممىسىدە قەدەم ساناش يۇمشاق دېتاللىرىنى قوللانغىلى بولىدۇ. بىر قورامىغا يەتكەن ئىنسان ئۈچۈن تەۋسىيە قىلىنىدىغان كۈندىلىك مېڭىش مىقدارى 7500 قەدەمدۇر. (ئالتە كىلومېتىر ئەتراپىدا)

كۈندىلىك مېڭىش ۋاقتى كەمىدە يىگىرمە مىنۇتتىن ـ ئوتتۇز مىنۇتقىچە بولۇش، ماڭغاندا ئاستا سۈرئەت بىلەن مېڭىشنىڭ ئورنىغا جانلىق، تېز مېڭىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ساغلاملىق تەتقىقاتچىلىرى كۈندە يىگىرمە مىنۇت ۋە يەتتە مىڭ بەش يۈز قەدەم مېڭىش تەۋسىيىسىگە رىئايە قىلغاندا، راك كېسەللىكلىرى، يۈرەك كېسىلى، پالەچلىك، سېمىزلىك، يۇقىرى قان بېسىپ ... قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش خەتىرى تۆۋەن چەككە چۈشىدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

ساغلاملىق يۈزىسىدىن ماڭغان چاغدىكى يۈرەك سوقۇش سۈرئىتىنى «220 ـ ياش» بويىچە ئۆلچەش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەللىك ياشتىكى بىر كىشىنىڭ ساغلاملىق ئۈچۈن مېڭىش ھالىتىدىكى يۈرەك سوقۇشىنىڭ تەۋسىيە قىلىنىدىغان چاستوتىسىنى ھېسابلاش ئۈچۈن 220 دىن 50 نى ئېلىۋەتىمىز، نەتىجىدە، بۇ ياشتىكى مېڭىۋاتقان كىشىنىڭ تەۋسىيە قىلىنغان يۈرەك سوقۇش چاستوتىسى 170 تۇر. ئوتتۇز ياشتىكى بىر كىشىنىڭ يۈرەك سوقۇش چاستوتىسى بولسا، 220 دىن 30 نى ئېلىۋەتكىنىمىزدە، 190 دۇر.

ھەرىكەتسىزلىك نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنىڭ باش «جىنايەتچىسى» ئىكەنلىكى يىللاردىن بېرى ساغلاملىق مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن تەشۋىق قىلىنىپ كەلدى. سىز ئۆزىڭىزنىڭ مېڭىش، ھەرىكەت قىلىش مىقدارىڭىز تۆۋە ياكى يوق دېيەرلىك بولغاندا، ئۇ يەر بۇ يەرلىرىڭىزنىڭ راھەتسىز بولىدىغانلىقى، ئىشتىھايىڭىزدىن تارتىپ ئۇيقۇڭىزغىچە، كەيپىياتىڭىزدىن تارتىپ روھىي كەيپىياتىڭىزغىچە سىز خالىمايدىغان شەكىلدە سىزنى بىئارام قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ باققانمۇ؟

ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان ئىكەن. بىر كۆنلۈك ھەرىكەتسىزلىكىڭىزنىڭ زىيىنىنى كۆنىگە بىر قاپ تاماكا چەككەننىڭ زىيىنى بىلەن باراۋەر دەپ قارىغان ساغلاملىق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشىغا جىددىي مۇئامىلە قىلىڭ. ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، تەنھەرىكەت ئايىقىڭىزنى كىيىڭ ۋە ئۆزىڭىز خالىغان تەرەپكە مېڭىشنى باشلاڭ. دوختۇرلار قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان خەتەرلىك كېسەللىكلەرگە يولۇقۇشتىن بۇرۇن، ھەر كۆنى پىلانلىق رەۋىشتە مېڭىش ئارقىلىق ئۆز بەدىنىڭىزنى ئاسراڭ.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى



# ئازتەك ئىمپېرىيىسى ۋە ھالاكىتى

# ئازتەك ئىمپېرىيىسى ۋە ھالاكىتى

ئازتەكلەرنىڭ ئەجدادىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادى شىمالىي مېكسىكىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەملەر ئىكەنلىكى پەرەز قىلىنىدۇ. ئۇلار مېسوئامېرىكاغا 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەدەم باسقان. ئازتەكلەر تېنوچىتلان (Tenochtitlan) شەھرىنى ئۆزىگە پايتەخت قىلىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلغان بىر مەدەنىيەتنى ياراتقان. 15 ـ ئەسىرلەردە بولسا رايوندىكى كۆپىلىگەن شەھەر دۆلەتلىرىنى بويسۇندۇرۇپ ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان. ئازتەكلەرنىڭ پايتەختى بولغان تېنوچىتلان شەھرى بۈگۈنكى مېكسىكا (Mexico) شەھرى شۇ دەپ قارىلىدۇ. ئازتەكلەرنىڭ تىلى ناخاتىل تىلى دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ تىل 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۈگۈنكى مېكسىكا زېمىنلىرىدىكى ھاكىم تىل بولغان. ناخاتىل تىلىدىكى بىر تۈركۈم سۆزلەر ئىسپان تىلىغا سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، بۇ سۆزلۈكلەر بارا ـ بارا ئىنگلىز تىلىغىمۇ كۆچكەن. ئازتەك ئىمپېرىيىسى ئىسپانىيەلىك ئىشغالىيەتچى ھېرنان كورتېس (Hernan Cortes) تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.

ئازتەكلەر مېكسىكا زېمىنلىرىدا ھاكىم كۈچ بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ زېمىنلاردا كۆپلىگەن شەھەر دۆلەتلىرى مەۋجۇت بولۇپ، ئازتەكلەر مېكسىكىدىكى تېكسكوكو كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى زەيكەش، ساسلىق زېمىنلارغا ماكانلاشقان. بۇ زېمىنلار دېھقانچىلىق قاتارلىق كۆپلىگەن ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە ماس كەلمىگەنلىكتىن، ئازتەكلەر بۇ زەيكەش زېمىننى توپىلاپ، تىندۇرۇش، كۆلدە سۇئىي ئاراللار شەككىلەندۈرۈش قارقىلىق ئۆزى ياشىغان زېمىننى مۇنبەت يەرلەرگە ئايلاندۇرۇشقا كۈچىگەن. ئازتەكلەر زەيكەش ۋە سۇلۇق زېمىنلارنى مۇنبەتلەشتۈرۈش، كۆكەرتىپ باغچىلاشتۇرۇش تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، 1325 ـ يىلى ئۆز پايتەختى تېنوچىتلاننى قۇرۇپ چىققان.

ئازتەكلەرنىڭ تەرەققىي قىلغان يېزا ـ ئىگىلىك تېخنىكىسى ۋە كۈچلۈك ھەربىي ئەنئەنىسى ئازتەكلەرنى دۆلەت قۇرۇپ، ئىمپېرىيەلىشىش مۇۋەپپەقىيىتىگە مۇيەسسەر قىلغان.

ئازتەك تېنوچىتلان شەھەر دۆلىتىنىڭ تۆتىنچى پادىشاھى، ئازتەك ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇنجى ئىمپېراتورى ئىتزكاتىل (itzcoatl) [138 ـ 1440] 1428 ـ يىلى تېكسكوكانس ۋە تاكۇبانس قاتارلىق باشقا ئىككى شەھەر دۆلىتى ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، رايوندىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ھېسابلانغان

تېپانىك شەھەر دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلىپ، بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى ئازكاپوتزالكونى ئىشغال قىلغان. ئىتزكاتلىنىڭ ئىزباسارى مونتېزۇما 1440 ـ يىلى تەختكە چىققان بولۇپ، مونتېزۇما ئۇستا جەڭچى ۋە ئازتەك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاتىسى دەپ قارىلىدۇ. ئازتەكلەر ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ئۆزلىرىگە تەھدىت شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن بولغان بارچە قەۋملەرنى ۋەيران قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتۈرگەن. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئازتەكلەر بەش يۈز ئۇششاق شەھەر دۆلىتىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان بولۇپ، بۇ چاغدا دۆلەت نوپۇسى بەش، ئالتە مىليونغا يەتكەن. بەش ئەسىر ئىلگىرى بۇ نوپۇس بىر دۆلەت ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ نوپۇس ھېسابلىناتتى. پايتەخت تېنوچتىتلاندا بولسا 140 مىڭ نوپۇس بولغان. ئازتەكلەرنىڭ پايتەختى تېنوچتىتلان ئەينى چاغدا مېكسىكا زېمىنىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە نوپۇسى ئەڭ كۆپ پايتەخت بولغان.

ئازتەك دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى گۈللەنگەن بولۇپ، ئازتەك مەدەنىيىتىمۇ رايوندىكى گۈللەنگەن مەدەنىيەتلەردىن ھېسابلانغان. بۈگۈنكى مېكسىكىدىن ئارگېنتىنانىڭ شىمالىي قىسىملىرىغىچە بولغان زېمىنلاردا ئىمپېراتورلۇق قۇرغان ئازتەكلەر ئۆزىگە خاس دېھقانچىلىق تېخنىكىسىغا، كۈچلۈك ئاسترونومىيە بىلىمىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئىككى تۈرلۈك كالېندارنى تەڭ قوللانغان بولۇپ، كالېندارلىرىدىن بىرى قۇياش كالېندارى ئىدى ۋە بىر يىلنى 365 كۈن دەپ سانايتتى. يەنە بىرى مۇراسىم كالېندارى بولۇپ، ھەر 260 كۈندە بىر قېتىم يېڭىلىناتتى.

## ئازتەكلەرنىڭ دىنى ۋە ئادەم قۇربانلىق قىلىش مۇراسىمى

ئازتەكلەر تولىمۇ غەيرى دىنىي ئېتىقادقا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئىسلامدىكى تەڭداشسىز، ھەممىنى ياراتقان، ھەممىگە ھاكىم ۋە چەكسىز مېھرىبان، تەڭشداشسىز يەككە ئاللاھ ئەقىدىسىنىڭ ئەكسىچە كۆپ ئىلاھلىق كۇفرىي ئېتىقادتا بولغان. ئىلاھ ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى تولىمۇ غەلىتە بولۇپ، ئازتەكلەر «تەڭرىلەر ناھايىتى غەزەپناك، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئازاب چېكىشىنى خالايدۇ» دېگەن ئەقىدىدە بولغان. ئۆز خىيالىدا كۆپلىگەن باتىل تەڭرىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئاشۇ ھەر خىل باتىل تەڭرىلەرگە ئادەم قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز قۇلچىلىقىنى ئىپادىلەشكە ئورۇنغان. ئازتەكلەر يەنە «قۇياش ھەر كۈنى چىقىشى ئۈچۈن ئۆزى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن خۇراپىي قاراشتا بولغان. بۇ سەۋەبلىك ئازتەكلەر «تەڭرى» ۋە قۇياش ئۈچۈن قۇربان قىلىش مەجبۇرىيىتى ھېس قىلىپ، ئايدا بىر قېتىم ئادەم قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس مۇراسىم تەييارلاپ، چوڭ كۆلەمدە ئادەم قۇربانلىق قىلغان. خاتىرىلەرگە كۆرە، ئازتەكلەر بىر مۇراسىمدا تۆت كۈن ئىچىدە سەكسەن مىڭ

ئادەمنى قۇربانلىق قىلغان. ئازتەكلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى تەڭرىلىرىگە ئادەم قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق باتىل تەڭرىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىشنى ئاساس قىلغان.

ئازتەكلەر ئۇرۇش جەريانىدا دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئەسىر ئېلىشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنىڭ سەۋەبى، ئازتەكلەر يىلىغا نەچچە ئون قېتىم تەڭرىلىرى ۋە قۇياش ئۈچۈن ئادەم قۇربانلىق قىلىش چۈشەنچىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادەم قۇربانلىق قىلىش ئۇزۇن داۋاملىشقان تەقدىردە ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى نوپۇسنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. نەتىجىدە، ئازتەكلەر قۇربانلىق قىلىنىدىغان ئادەم سانىنى ئەسىرلەردىن توشقۇزۇشقا تىرىشقان. شۇ سەۋەبلىك، ئازتەكلەر ئادەم قۇربانلىق قىلىش مۇراسىملىرىدا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشتا دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا، تىرىك پېتى ئەسىر ئېلىش كويىدا بولغان.

ئازتەكلەر ئىشلەتكەن ئۇرۇش قوراللىرى تەتقىق قىلىنغاندا، بۇ قوراللارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، يارىلاندۇرۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىققان. ئازتەك ئەسكەرلىرىگە ئالاقىدار يەنە بىر ئالاھىدە ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ، ئازتەك ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى جەڭدە قانچە كۆپ ئەسىر ئالسا، مەرتىۋىسى شۇنچە يۇقىرى بولاتتى. مەسىلەن، بىر ئازتەك ئەسكىرى ئون جەڭگە قاتنىشىپ، ئون جەڭدە يۈز ئەسىرنى قولغا چۈشۈرگەن بولسا، يەنە بىر ئازتەك ئەسكىرى بەش جەڭگە قاتنىشىپ، بەش جەڭدە ئىككى يۈز ئەسىرنى قولغا چۈشۈرگەن بولسا، ئىككى يۈز ئەسىر قولغا چۈشۈرگەن ئەسكەرنىڭ مەرتىۋىسى يۈز ئەسىر قولغا چۈشۈرگەن ئەسكەرنىڭ مەرتىۋىسىدىن ئىككى ھەسسە يۇقىرى بولاتتى. جەڭلەردە كۆپ ئەسىر قولغا چۈشۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئازتەك قەۋمى ئارىسىدا ھۆرمىتى چوڭ، ئىمتىيازى كۆپلۈك ئىدى. ئۇلار جەمئىيەتتە خالىغىنىنى قىلالايتتى.

جەڭدە ئەسىر ئېلىشقا ماھىر ئازتەك ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭدە ئۆزىگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان ياردەمچىلىرى بولۇپ، ئەسىر ئېلىشقا ماھىر ئەسكەر دۈشمەننىڭ ئەسكەرلىرىنى يارىلاندۇرغان ھامان ئۇنىڭ كەينىدە ئەگىشىپ يۈرىدىغان ياردەمچىلىرى يارىدار دۈشمەن ئەسكىرىنى دەرھال تۇتۇپ، باغلاپ، ئەسىر ئالاتتى. ئەسىر ئېلىش ماھىرى بولسا دۈشمەن ئەسكىرىنى يارىلاندۇرۇش بىلەنلا بولۇپ، دۈشمەننى تۇتۇش، باغلاش ئىشلىرىنى ئۆز ياردەمچىلىرىگە قالدۇراتتى.

جەڭلەردە ئەسىر قولغا چۈشۈرۈشكە ماھىر بولمىغان ئازتەك جەڭچىلىرى ئازتەك ئارمىيەسىدىن قوغلىناتتى. ئاقىۋەتتە بۇ قوغلاندى ئەسكەرلەر تىجارەتچىلىك، دېھقانچىلىق ياكى باشقا ھۈنەر-كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى.

جەڭدە قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر ئۆزلىرىنى ئەسىر ئالغان ئازتەك ئەسكەرلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولاتتى. جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەسكەر ئۆز ئەسىرلىرىنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ كېلەتتى ۋە ئۇلارنىڭ قورسىقىنى بېقىپ، يارىلىرىنى داۋالاپ، ئادەم قۇربانلىق قىلىش مۇراسىمى ئۈچۈن

تەيىيارلايتتى. ئۇلار ئەسىرلىرىنىڭ بېشىغا نېمە كۈن كېلىدىغانلىقىنى ئەسىرلىرىگە ئېزىپ ـ ئىچۈرۈپ ئاڭلىتاتتى. قۇربانلىق قىلىنىش كۈنى يېتىپ كەلگەندە ئەسىرلەر مۇراسىم مەيدانىغا ئېلىپ كېلىنەتتى. ئازتەكلەرنىڭ ئەسىر قۇربانلىق قىلىش ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولۇپ، ئەسىرلەرنىڭ بىر تۈركۈمىنى ئۆزلىرى ئىبادەتخانا دەپ بىلىدىغان پىرامىدالىرىنىڭ پەشتاقلىرىغا ئېلىپ چىقىپ، قارنىنى يېرىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىش ئارقىلىق قۇربانلىق قىلاتتى. يەنە بىر تۈركۈم ئەسىرلەرنىڭ قولىغا ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن نەيزە قاتارلىق بىرەر ئەسۋابنى تۇتقۇزاتتى، ئاندىن ھەر بىر ئەسىرگە تۆت بەش ئازتەك ئەسكىرى پىچاق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە پىچاق تىقاتتى، ئەمما، ئەسىرنىڭ دەرھال ئۆلمەسلىكى ئۈچۈن ئەسىرنىڭ بەدىنىدىن قان ئاققۇزۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ قانسىراپ ئۆلۈشىنى مەقسەت قىلاتتى. ئەسىر ئىستەكسىز رەۋىشتە ئۆزىنى ئاز ـ تولا قوغدايتتى. ئازتەك ئەسكەرلىرى بولسا ئۇنى ئاستا ـ ئاستا قانسىرىتىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بەدىنىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئاز ـ ئازدىن پىچاق تىقاتتى. يەنە بەزى ئەسىرلەرنى بولسا ئۇرۇپ ـ دۇمبالاش ئارقىلىق ئۆلتۈرەتتى. بۇ خىلدىكى ئەسىرلەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرۇش ئارقىلىق ئۆلتۈرۈش مەقسەت قىلىناتتى. ئەسىرنىڭ بەدىنىنىڭ مەلۇم قىسمى سۇنۇپ ھوشىدىن كەتسە، ئەسكەرلەر ئۇلارغا سۇ، يېمەك ـ ئىچمەك دېگەنلەرنى بېرىش ئارقىلىق ھوشىغا كەلتۈرەتتى، ئاندىن ئۇنى يەنە ئۇرۇپ، سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرۇشنى نىشانلايتتى.

ئازتەكلەر ئاخىرىدا قۇربانلىق قىلىنىدىغان ئەسىرلەرنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۆز ئىبادەتخانىلىرىغا تىزاتتى. بەدەن ئەزالىرىنى بولسا ئائىلىسىگە ئېلىپ كېتەتتى، ئەسىرلەرنىڭ تېرىلىرىنى سويىۋېلىپ ئۈچىسىغا يېپىنىۋالاتتى، ئەسىرلەرنىڭ تاپىنى (ئۆلۈكىنى) ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە يەيتتى.


ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقىرىۋالغان باتىل تەڭرىلىرى ئۈچۈن ۋە قۇياش ئۈچۈن (قۇياشمۇ ئۇلار ئۈچۈن تەڭرىلەردىن بىرى ئىدى) ئادەم قۇربانلىق قىلىش مۇراسىمى ۋە قۇربانلىق قىلىنغۇچىلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى مانا مۇشۇنداق ئىدى.

### ئازتەكلەرنىڭ يوقۇلۇشى

ئازتەك ئىمپېرىيىسى ئىسپانىيەلىك ئىشغالچى ھېرنان كورتېسنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئەزتەك ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى تېنوچتىتلانغا 1519 ـ يىلى قەدەم بېسىشى نەتىجىسىدە ھالاك بولغان. ئىسپانىيەلىك ئىشغالىيەتچى ھېرنان كورتېس بەش يۈزگە يېقىن ئەسكىرى بىلەن ئازتەكلەرنىڭ زېمىدا

پەيدا بولغان. ئۇنىڭ ئازتەكلەر زېمىنىدا پەيدا بولۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ئازتەكلەرنىڭ ئالتۇننى بايلىق دەپ بىلمىگەنلىكى، ئالتۇننى پۇل ئورنىدا قوللىنىشنىڭ ئورنىغا، كاكائو ئۇرۇقلىرىنى پۇل قىلىپ قوللانغانلىقى سەۋەبلىك، ئازتەكلەرنىڭ ئالتۇننى قولغا چۈشۈرۈش بولغان. ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان ھېرنان كورتېس بەش يۈزدەك ئەسكەر بىلەن پاراخوت ئارقىلىق مېكسىكا قۇرۇقلۇقىغا چىققان بولۇپ، يەرلىك خەلق ۋە ئازتەك پادىشاھى مونتىزۇما ئۆزلىرى ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئاق تەنلىك يوچۇن كىشىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالغان ۋە ھېرنانغا بۈيۈك ئىلتىپات كۆستىپ، زىياپەت بەرگەن. ھېرنان پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئازتەك پادىشاھى مونتىزۇمانى ئەسىر ئېلىپ، تېنوچتىتلان شەھىرىنى قولغا چۈشۈرگەن، ئازتەك ئەسكەرلىرىنى ۋە خەلقنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىپ، ئازتەكلەرنىڭ ئىلىكىدىكى ئالتۇن قاتارلىق قىممەتلىك بايلىقلارنى ئۇدۇللۇق ئۆز دۆلىتىگە ماڭغۇزغان. ئازتەك پادىشاھى مونتىزۇمانىڭ جىيەنى كاختېموك باشچىلىقىدا ئىسپانىيە ئىشغالچىلىرىغا قارشى شىددەتلىك قايتۇرما ھۇجۇم باشلانغان. ئاقىۋەتتە، ئازتەكلەرنىڭ ئەشەددىي رەقىبى كورتېسلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا ھېرنان كورتېس غەلىبە قىلغان، دەل مۇشۇ پەيتلەردە ئازتەك ئېمپېرىيىسى تەۋەسىدە سەۋەبى نامەلۇم شىددەتلىك يۇقۇملۇق كېسەل كۆرۈلۈپ، 1520 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدىلا تېنوچتىتلان ئاھالىسىنىڭ قىرىق پىرسەنتى يۇقۇملۇق ۋابادا ئۆلۈپ كەتكەن ۋە بۇ ئۆلۈم تېخىمۇ شىددەتلىك ئاۋۇپ، ئازتەك خەلقىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك يوق بولۇشىغا سەۋەب بولغان. بىر تەرەپتىن ھېرنان كورتېسنىڭ دەھشەتلىك قىرغىنى، بىر تەرەپتىن يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ يامرىشى سەۋەبلىك ئازتەك ئېمپېرىيىسى ھالاك بولۇپ، ئازتەكلەر دۇنيادىن يوق بولۇپ كەتكەن.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى


پولات قادىرى
ئۆلكە تارىخى
تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
پولات قادىرى ۋە ئۆلكە تارىخى

# پولات قادىرى ۋە ئۆلكە تارىخى

«مەن سىلەرگە تارىخ دەرسى ئۆتىمەن. خىتاي تارىخى ئوقۇمىسلەر ياكى ئۇيغۇر تارىخىمۇ؟»

— پولات قادىرى، ئۈرۈمچى، 1948 ـ يىللىرى

«مەن بۇ يۇرتنىڭ ئۆز پەرزەنتىمەن. بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز، سىز خالىغان ئوقۇتقۇچىنى تېپىپ خىتاي تارىخى ئۆگىتەلمەيسىز.»

— پولات قادىرى، ئۈرۈمچى، 1948 ـ يىللىرى

## پولات قادىرى كىم؟

تارىخچى پولات قادىرى 1919 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇتۇبى ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ، 1970 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ۋاپات تاپقان.

پولاتى قادىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇتۇبى ناھىيىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. پولات قادىرى ئۈرۈمچىدىكى شەرقىي تۈركىستان دارىلمۇئەللىمىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1941 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئىشقا چۈشۈپ، بۇ گېزىتنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن خىزمەتتە يۈكسىلىپ مەزكۇر گېزىتنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرى مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. 1943 ـ يىلى ئالتە ئايدەك ۋاقىت ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلىپ، ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلگەن. كېيىن ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىگە تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشقا چۈشۈپ، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر بىلەن خىزمەتداش بولۇپ ئىشلىگەن.

1949 ـ يىلى كۈزدە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ۋەتەننى تەرك ئېتىپ، يەكەن ئارقىلىق ھىندىستاننى نىشانلاپ يولغا چىققان. خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى دۆلىتى ۋەتىنىمىزگە تۇمشۇقىنى تىققاندىن كېيىن، كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئاستىدا

ياشاشنى خالىمغان ياكى بۇرۇن گومىنداڭ تەرەپتارى بولغانلىقى ئۈچۈن نۆۋەتتىكى كوممۇنىست هاكىمىيىتى تەرىپىدىن باستۇرۇشقا ئۇچراشتىن ئەنسىرىگەن بىر بۆلۈك شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىسىدا ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ كۆچ ـ كۆچ سەپىرىنىڭ ئىسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا باشچىلىقىدىكى كارۋىنىدا مەشھۇر يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە پولات قادىرى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. پولات قادىرى كارۋاندىكىلەر بىلەن بىللە پۈتۈن مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان هالەتتە چېگرادىن ئۆتۈپ كېتەلىگەن بولسىمۇ، خىتاي باندىتلىرى كارۋاندىكى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، چىڭگىزخان داموللام قاتارلىق بىر بۆلۈك موللا، زىيالىيلارنى چېگرادىن ئۆتۈشكە يول قويماي كەينىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. چىڭگىزخان داموللام قاتارلىقلار بىر نەچچە يىل كېيىن ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر هايات قالغان.

كارۋانغا قوشۇلۇپ هىندىستان چېگرىسىغا ئۆتۈپ كەتكەن پولات قادىرى كەشمىردە ئۈچ ئاي تۇرۇپ قالغان. كېيىن ئىسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغرا باشچىلىقىدىكى مۇهاجىرلار ئەترىتى بىلەن تۈركىيەگە يېتىپ كەلگەن.

پولات ئەپەندى تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەشھۇر تۈرك تارىخچىسى زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ يېنىدا دوكتورانت ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە ئىلمىي ياردەمچى بولۇپ ئىشلىگەن.

كېيىن ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ تارىخ فاكۇلتېتى خىتايشۇناسلىق بۆلۈمىدە تەتقىقاتچى بولۇپ خىزمەت قىلىپ، **1966** ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەهرىدىكى ئازادلىق رادىئوسىدا ئىشلەش ئۈچۈن گېرمانىيەگە بارغان. **1970** ـ يىلى **26** ـ ئاۋغۇست ئېيىدا **61** يېشىدا يۈرەك كېسلى بىلەن ئىستانبۇلدا ۋاپات بولغان.

**ئەسەرلىرى:**

پولات قادىرى «ئۆلكە تارىخى»دىن سىرت «ئەرك شوئارى»**(1948)** ، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېيىنكى يۈز يىللىق تارىخى» (ئاپتور بۇ ئەسەرنى پۈتتۈرۈپ بولۇشتىن ئاۋۋال ۋاپات بولۇپ كەتكەن)، «خىتاي مۇستەملىكىسى شەرقىي تۈركىستان»**(1960**، ئىستانبۇل) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

**«ئۆلكە تارىخى»**

پولات قادىرى «ئۆلكە تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى تارىخىغا دائىر مۇهىم ۋەقە ـ هادىسىلەرنى قىسقىچە بايان قىلىشقا تىرىشقان بولۇپ، پولات قادىرى ئەسىرىدە

تۈركلەرنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تارىخىنى ئايرىم ماۋزۇلار ئاستىدا قىسقا ـ قىسقا بايان قىلىپ ماڭغان.

ئەسەرنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرى تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2018 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. كىتابنىڭ بەت سانى 224 بەت.

«ئۆلكە تارىخى» ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ يېزىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى ئۈچ بابتىن، ئىككىنچى قىسمى ئۈچ بابتىن تەشكىل تاپقان. بىرىنچى قىسىم كىرىش سۆزدىن سىرت «باشلانغۇچ تارىخ» (بىرىنچى باب)، «ئوتتۇرا چاغ تارىخى» (ئىككىنچى باب)، «كېيىنكى زامان تارىخى» (ئۈچىنچى باب) قاتارلىق ئۈچ بابتىن تۈزۈلگەن. ئىككىنچى قىسىم «قومۇل ئىنقىلابى دەۋرى» (بىرىنچى باب)، «شېڭ شىسەي دەۋرى» (ئىككىنچى باب)، «ئىلى ۋەقەسى ۋە تىنچلىق بىتىمى دەۋرى» (ئۈچىنچى باب) قاتارلىق ئۈچ بابتىن تۈزۈلگەن.

ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئەسەرنى ئوقۇغان كىشى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىدىن، بولۇپمۇ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىرلىك قىسقىچە تارىخىدىن خەۋەردار بولالايدۇ.

كىتابتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى تارىخى بايان قىلىنغان بولۇشقا قارىماي، ئالدىنقى ئەسىردە شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ئىككى جۇمھۇرىيەت دۆلىتى توغرۇلۇق ئىنتايىن قىسقىچىلا مەلۇمات بېرىلگەن. ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت توغرىسىدا تەرەپبازلىق تەرەپتارى سۈپىتىدە پىكىر بايان قىلىنغان. 1945 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان «شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى» ۋە «ئۈچ ئەپەندى» ھەققىدە نىسبەتەن كەڭرى مەلۇمات بەرگەن.

پولات قادىرى «ئۆلكە تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ باشلىنىشىدا مۇنداق دېگەن:

«مەن بۇ قىسقىچە ۋەتەن تارىخى كىتابىنى مۇھەممەد ئەمىن ھەزرىتىمنىڭ <شەرقىي تۈركىستان تارىخى>غا ئاساسلىنىپ، ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىپ تاپقان نەتىجىلىرىمدىن پايدىلىنىپ تۈزۈپ چىقتىم. ئىچىدە تولۇق بولمىغان ياكى كەمچىل ئورۇنلىرى بولسا كۆرسىتىپ بېرىلسە، ئىككىنچى قېتىم يېزىلىدىغان تارىخقا ياخشى بىر ئاساس بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ تارىخ ھەققىدە كۆپرەك تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.»

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# ئۆتكەن بىر ئاي
# ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا
## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم
## ۋەقە - ھادىسىلەر

(2020-يىلى 12– ئاينىڭ 23 – كۈنىدىن 2021 - يىلى 1– ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەرلەر

**(2020 ـ يىلى 23 ـ دېكابىردىن، 2021 ـ يىلى 25 ـ يانۋارغىچە چىققان، ئۇيغۇرلارغا ئائىت مۇھىم خەلقئارالىق خەۋەرلەر)**

## مايك پومپېئو خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى تەكشۈرۈش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى

تاشقى سىياسەت تورىنىڭ 23 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېئو شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بار يوقلىقىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ئىشخانىسىنىڭ باش ئەلچىسىگە تەكشۈرۈشنى نازارەت قىلىشنى بۇيرۇغان. ھازىرقى ئەمەلدارلارنىڭ ۋە سابىق ئەمەلدارلارنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشتە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى مارىك ستىرىڭ ۋە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئىچكى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىنىڭ بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم ئىكەن. خەۋەردە يەنە بۇ تەكشۈرۈشنىڭ ئىككى پارتىيىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى تىرامپ ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا چاقىرغان مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۆكتەبىردە ئىككى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە قارارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلغان مۇئامىلىسىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تىلغا ئالغانلىقى بايان قىلىنغان.

## خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى تەكشۈرۈش چاقىرىقىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، مۇتەخەسسىسلەر خىتاينىڭ يوشۇرۇن تەسىرىدىن گۇمانلاندى

ئاسىيا خەلقئارالىق خەۋەرلەر ئاگېنتلىقىنىڭ (ANI) 24 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، مۇتەخەسسىسلەر خىتاينىڭ خەلئارا جىنايى ئىشلار سوتىغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ دائىمى ئەزاسى سۈپىتىدە يوشۇرۇن تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن گۇمانلانغان ۋە خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ قوش ئۆلچەمگە دۈچ كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 2018 ـ يىلدىن بېرى شەرقى تۈركىستاندا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى كۆنسىرى ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ خىتاينى 2002 ـ يىلدىكى رىم ئەھدىنامىسىگە ئىمزا

قويمىغان دېگەن سەۋەب بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى تەكشۈرۈش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى ئوتتۇرغا قويۇشى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىقكەن.

## خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى تەنقىدكە دۇچ كەلدى

ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتىنىڭ 28 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى فاتۇ بېنسۇدا (Fatou Bensouda) خىتاينىڭ رىم ئەھدىنامىسىگە ئىمزا قويمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، خىتاي توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، دەپ يەكۈن چىقارغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ خىتايدا داۋاملىشىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى غايەت زور ئەخلاقىي مەغلۇبىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىكەن. خەۋەردە يەنە جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنىڭ بىرىنچى قەدىمى چوقۇم بۇ ئورگاننىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ۋەھشىيلىكنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈشى بولۇشى كېرەكلىكى تىلغا ئېلىنغان.

## خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن چەك ئايرىش چاقىرىقى

ماياك تورىنىڭ 27 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا تۈرلۈك ۋەھشىيلىكلەرنى يۈرگۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئالدامچىلىق ۋە جاسۇسلۇق قاتارلىق قىلمىشلار ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئامېرىكالىقلارنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدىن ۋە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىشىغا سەۋەپ بولغان. خەۋەردە يەنە خىتاينىڭ تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى باشقا دۆلەتلەرگە سىڭدۈرۈۋاتقانلىقى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ خىتاي ۋىرۇسىدىنمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىدىن چەك ئايرىپ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ھەقىقەتنى قوغداش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## گۈلشەن ئابباس خانىمنىڭ يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى جەزىملەشتى

ۋاشىڭتوندا تۇرۇشلۇق تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر پائالىيەتچى روشەن ئابباسنىڭ ئاچىسى، تۆھپىكار ئۇيغۇر زىيالىيسى ئاباباس بۇرھانىنىڭ قىزى گۈلشەن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ناھەق ھالدا تېررورلۇق جىنايىتى بىلەن قارىلىنىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. چارشەنبە كۈنى گۈلشەن ئابباسنىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق قىزى زىبا مۇرات ئاپىسىنىڭ مەخپىي سوتلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى ئېلان قىلغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، گۈلشەن ئابباسنىڭ ئۇرۇق تۇققانلىرى CECC ۋە CFU بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، گۈلشەن ئابباسنىڭ ھېچبىر جىنايىتى بولمىغان تۇرۇقلۇقمۇ، 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى بايان قىلغان. زىبا مۇراتنىڭ دېيىشىچە گۈلشەن ئاباباسنىڭ قولغا ئېلىنىشى، تۇتۇپ تۇرۇلۇشى،

سوتلىنىشىنى ۋە جازالىنىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىدىغان ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىدىغان دۆلەت» ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىكەن.

### تۈركىيەدىكى بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىزدېرىكىنى قىلىپ ئىستانبۇل خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدىكى تىنچ نامايىشنى داۋاملاشتۇرماقتا

ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرى زوراۋان خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىزدېرەكسىز غايىپ قىلىۋېتىلگەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا بىر نەچچە ھەپتىدىن بېرى تىنچ شەكىلدە نامايىش ئۆتكۈزمەكتە. ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇلىنىڭ خادىملىرى مەزكۇر ياشلارنىڭ ئۆزلىرىگە سۇنۇلغان ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى ئىزچىل شەكىلدە رەت قىلىپ، ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ كەلمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ خىل قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇنىي تەرتىپلەرنى نەزىرىگىمۇ ئىلىپ قويمايدىغان رەزىل ماھىيىتىنى خەلقئارا جامائەتچىلىككە تېخىمۇ بەك ئاشكارا قىلماقتا.

بۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش ۋە خىتاينىڭ قاراڭغۇ يۈزىنى پاكىت بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بىز مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا خىتايدىن ئۇرۇق-تۇغقان، دوست بۇرادەرلىرىنىڭ ئىزدېرىكىنى قىلىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشقا چاقىرىمىز.

### ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى دەرسكە كېچىككەنلىكى سەۋەب خىتاي ئوقۇتقۇچىدىن تاياق يېدى

كۇندىلىك پوچتا گېزىتىنىڭ (Daily Mail) 31-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندىن تارقالغان بىر سىن ھۆججىتى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. مەزكۇر سىندا بىر خىتاي ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى چېچىدىن تۇتۇپ قاتتىق ئۇرۇۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. خەۋەردە مەلۇم بولۇشىچە بۇ ۋەقە 21-دېكابىر قەشقەرنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە يۈز بەرگەن بولۇپ، سىنىپتىكى مەلۇم ئوقۇغۇچى تەرىپىدىن سىنغا ئېلىنىپ تارقىتىلغان.

### خارۋارد بىرلەشمىسى ئامېرىكانىڭ ياش ئۇيغۇرلارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى

قوغدىغۇچى گېزىتىنىڭ 1-يانۋاردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلىشىچە، خارۋاردتىكى 70 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن رەيھان ئەسەتنىڭ ئىنىسى ئەكبەر ئەسەت ئۈچۈن

ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئەكبەر ئەسەت 2016 ـ يىلى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پروگراممىسىغا قاتنىشىپ ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن غايىپ بولۇپ، 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئەكبەر ئەسەتكە ئوخشاش تورچىلىق ساھەسىدە ئىگىلىك تىكلىگەن بىر ياشنىڭ مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلغان دەپ ئەيىبلىنىشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تۈركىيەنى خىتاي بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى ئىمزالىماسلىققا چاقىردى

ھىندىستان بىلۇم خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ 3 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتا ئېلان قىلىپ تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى خەلقئارا قانۇنغا ۋە قايتۇرماسلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشقا، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى ئىمزالاشتىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرغان. باياناتتا دېيىلىشىچە، خىتايدا ۋەھشىيلەرچە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى يۈز بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئەگەر تۈركىيە ھۆكۈمىتى خىتاي تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسىنى ئىمزالىسا، بۇ خىتاينىڭ يەنە بىر خىل زىيانكەشلىك قورالىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، تۈركىيەدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنداق قىلمىغاندا تۈركىيەنىڭ زۇلۇمغا قارشى سۆز قىلغان دۆلەت بولۇشتەك ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

## ئۇيغۇرلار خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدىكى نامايىشنى داۋاملاشتۇردى

ئانادولۇ ئاگېنتلىقىنىڭ 6 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئىستانبۇلدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدىكى نامايىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلار خىتايدىكى يىغىۋېلىش ۋە مەجبۇرى ئەمگەك لاگېرلىرىدا تۇتۇلغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى، سودىگەرلەر ۋە مەمۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نامايىش گۇرۇپپىسى تۆت خىل تىلدا لوزۇنكا كۆتۈرگەن بولۇپ، نامايىشچىلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە خىتاي كونسۇلخانىسى ھازىرغا قەدەر ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاب قايتۇرمىغان. نامايىشقا قاتناشقان تۈركىيە سائادەت پارتىيىسىدىن ئۆمەر فارۇق خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلىگەن، شۇنداقلا دۇنيانىڭ بۇ ۋەھشىيلىكلەر ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن.

## ماركس ـ سپېنسېر كىيىم ـ كېچەك شىركىتى خىتاينى ئەيىبلىگۈچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى

ئەنگلىيە BBC تورىنىڭ 6 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ماركس ـ سپېنسېر كىيىم ـ كېچەك شىركىتى (M&S) خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە

قارشى تۇرۇش چاقىرىقىغا ئىمزا قويغان. 12 ـ ئايدا BBC خەۋەر تورى خىتاينىڭ نەچچە يۈز مىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مەجبۇرى ئەمگەككە قىستىغانلىقى توغرىسىدىكى يېڭى پاكىتلارنى ئاشكارىلىغان بولۇپ، بىر تۈركۈم كىيىم ـ كېچەك شىركەتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن خام ئەشيا ئىمپورت قىلىشنى توختاتقان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ماركس ـ سپېنسېر كىيىم ـ كېچەك شىركىتى ھەر يىلى ھەرخىل رايونلاردىن 40 مىڭ توننا پاختا ئىشلىتىدىغان بولۇپ، باشقا شىركەتلەرنىڭ خام ئەشيا مەنبەسىنى تەكشۈرۈشكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش چاقىرىقىغا ئىمزا قويۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلغان.

### ب د ت كۆزىتىش تەشكىلاتى 2020 ـ يىلدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغان 10 چوڭ دۆلەتنى ئاشكارىلىدى

خىرىستىئان پوچتىسى گېزىتىنىڭ 7 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى 2020 ـ يىلدىكى ئەڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغۇچى دۆلەتلەر تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاي بۇ تىزىملىكتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. خىتاي مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى لاگېرغا قاماش، كىشىلىك ھۆقۇق پەئالىيەتچىلىرىنى تۈرمىگە تاشلاش، تىبەتنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىش، خوڭكوڭدا ئەركىنلىكنى بوغۇش قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلەنگەن. كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغۇچىلار تىزىملىكىدە خىتايدىن باشقا ئىران، كامېرون، ۋېنىزۇئېلا، سەئۇدى ئەرەبىستان، زىمبابۋې، كۇبا، تۈركىيە، شىمالى كورىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بارلىق بولۇپ، بۇ ئون دۆلەت ئۆز پۇقرالىرىنى قىيناش، تۈرمىگە تاشلاش، ئاچلىققا دۇچار قىلىش، سىياسى ئۆكتىچىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش، دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلى كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش سەۋەبىدىن يۇقىرىقى تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن.

### ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتايدىكى ئازغىنە پايدىسى ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇقنى سېتىۋەتتى

نيۇيورك پوچتىسى گېزىتىنىڭ 7 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، 2020 ـ يىلى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ گېئوپولىتىك قانۇنسىز قىلمىشلىرى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى زوراۋانلىقى ئەڭ يوقىرى پەللىگە چىققان بىر يىل بولۇشىغا قارىماي، ياۋروپا ئىتتىپاقى يەنىلا خىتاي بىلەن بىر تەرەپلىمىلىك، ئېنىقسىزلىق ۋە ئالدامچىلىققا تولغان سودا كېلىشىمنى ئىمزالىغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقى بۇ كېلىشىمنىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغانلىقىنى، يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى داۋا قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ كېلىشىم ئۇلارنىڭ ئۆز قىممەت قارىشىغا

قىلىنغان خىيانەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىتتىپاقدىشى بولغان ئامېرىكىغا قىلىنغان خىيانەت ھېسابلىنىدىكەن. خەۋەردە يەنە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى دەپ ياۋروپانىڭ قىممەت قارىشىنى قۇربان قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ كېلىشىم ياۋروپا پارلامېنتىدىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشەببۇسچىلىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى توختىتىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى يوققا چىقىرىدىكەن.

## تۈنتېر خىتاينىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى چىقارغان «ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەمدى تۇغۇت ماشىنىسى ئەمەس» ناملىق يازمىسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى

قوغدىغۇچى گېزىتىنىڭ (The Guardian) 10 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، تۈنتېر خىتاينىڭ ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسى چىقارغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئاشقۇنلۇقتىن «ئازاد قىلىنغانلىقى» ۋە ئەمدى «بوۋاق ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىسى» ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى يازمىسىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن ۋە بۇ يازمىنىڭ تۈنتېرنىڭ قائىدە ـ مىزانلىرىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ يازما ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خەلقئارادا كۈچلۈك ئەيىپلەشكە ئۇچرىغان. بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتايلار نەچچە يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇر ئاياللىرىغا مەجبۇرى ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ۋە بالا چۈشۈرۈش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللانغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا تۇغۇش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتكەن.

## ئەنگلىيە شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك سودا ئالاقىنى توختاتتى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ (VOA) 12 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى سەيشەنبە كۈنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە باغلىنىشلىق مەھسۇلاتلارغا چېتىلىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېڭى تۈزۈملەرنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دومىنىك راب (Dominic Raab ) پارلامېنتتا قىلغان سۆزىدە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان تۈرلۈك ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چوقۇم تەدبىر قوللىنىپ ئەنگلىيە كارخانىلىرىنىڭ خىتايدىكى جازا لاگېرلىرى بىلەن چېتىشلىقى بار مەھسۇلاتلارغا چېتىلىپ قالماسلىقىنى تەلەپ قىلغان. ئۇ يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى مەجبۇرىي ئەمگەك كە سېلىش ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تەكشۈرۈشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداقلا ئەنگلىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆز قىممەت قارىشىنى ياكى دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قۇربان قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

## سابىق كانادا پارلامېنت ئەزاسى خىتاي كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىنىڭ چەتئەل ۋاكالەتچىسى بولۇشتىن چېكىندى

فوكس خەۋەرلەر تورىنىڭ (Fox News) 12 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، كالىفورنىيەنىڭ سابىق كېڭەش پالاتا ئەزاسى باربارا بوكسېر (Barbara Boxer ) بۇ ھەپتە خىتاينىڭ كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى بولغان خەيكاڭ شىركىتىگە (Hikvision) ۋاكالەتچى بولۇپ تىزىملىتىپ بولۇپ، ئارقىدىن قارارىدىن يېنىۋالغان. بۇ خىتاي شىركىتى 2019 ـ يىلى كانادا سودا مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى باستۇرۇشقا قاتناشقانلىقى بىلەن ئەيىبلىنىپ، كانادادا چەكلەنگەن بولۇپ، بوكسېر مەزكۇر شىركەتكە ۋاكالەتچى بولماقچى بولغىنىدىن كېيىن كۈچلۈك ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قارارىنى ئۆزگەرتكەن ۋە ۋاكالەتچىلىكتىن چېكىنگەن. ئېگىلىنىشچە، خەيكاڭ شىرتىكى دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى بولۇپ، 2016 ـ يىلدىن 2017 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا خىتاي ساقچىلىرى بىلەن 272 مىليون دوللارلىق توختام ئىمزالىغان ئىكەن.

## خىتاي جاسۇسلىرى ئافغانىستاندا ساختا «ئۇيغۇر تېرورچىلىرى» پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى

قەھرىتان قىش تورىنىڭ 14 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئافغانىستاندا ساختا «شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكتى» قۇرماقچى بولغان ئون خىتاي جاسۇسى ئافغانىستان دائىرلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ خىتايغا قوغلانغان. خەۋەردە كۆرسىتىلىشچە، 10 ـ دېكابىر ئافغانىستاندا قولغا ئېلىنغان ئون خىتاي جاسۇسى ئىچىدىكى لى ياڭياڭ خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخبارات خادىمى دەپ قارالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەر تېپىلغان. ئافغان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا چۈشكەن بۇ خىتاي جاسۇسلىرى دەسلىپىدە تالىبان بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەن بولسىمۇ، تەكشۈرۈشنىڭ داۋاملىششىغا ئەگىشىپ، بۇ خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتىنىڭ ساختا «شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكتى » قۇرماقچى بولغانلىقى ئوتتۇرىغا چىققان.

## خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقى ئېلان قىلىندى

ئامېرىكا ئاۋازى تورىنىڭ 15 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە دېيىلىشچە، ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى خىتاينىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بارلىق جايلاردا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەنگلىيە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ يېڭى دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كىشىلىك ھۇقۇق ۋەزىيىتى يېقىنقى بەش يىلدىن بېرى زور دەرىجىدە ناچارلاشقان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن تارتىپ خوڭكوڭدىكى دېموكراتىيەنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشقا قەدەر يېڭى ۋاستىلەرنى قوللىنىپ كۆزىتىش تېخنىكىسىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئارقىلىق نازارەت قىلىشنى

كۆچەيتكەن. دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ شىزاڭدىكى باستۇرۇشنى كۆچەيتىۋاتقانلىقى ۋە خوڭكوڭ تورغۇسىدا خىتاي ـ ئەنگلىيە بىرلەشمە خىتابنامىسىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، خىتاينىڭ يەرلىك، سىستېمىلىق، كەڭ كۆلەملىك قىيناشلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

## لاگېر شاھىدى گۈلبارار خاتىۋاجى لاگېر كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇردى

فىرانسىيە 24 تورىنىڭ 16 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ئۈچ يىلنى خىتاينىڭ جازا لاگېرىدا ئۆچ يىل ئۆتكۈزگەن، خىتاينىڭ تۇزاق قۇرۇشى بىلەن فىرانسىيەدىن خىتايغا قايتىپ قولغا ئېلىنىش سوراققا تارتىلىش ۋە خورلىنىشقا ئۇچرىغان گۈلباھار خاتىۋاجى لاگېر كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان ئەسىرىنى فىرانسىيەدە فىرانسۇز تىلىدا ئېلان قىلغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، گۈلباھار خاتىۋاجى 2016 ـ يىلى خىتايدىكى ئۆزى ئىلگىرى ئىشلىگەن شىركەتنىڭ پىنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىگە ئىمزا قويۇشنى كۆچلۈك تەلەپ قىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا قايتقان ۋە قولغا ئېلىنغان. ئۈچ يىللىق جاپالىق تۇرمۇشتىن كېيىن خىتايدىن قۇتۇلۇپ فىرانسىيەدىكى ئائىلىسى بىلەن جەم بولغان گۈلباھار خانىم ئۆزىنىڭ يېڭىدىن فىرانسۇزچە نەشىردىن چىققان كىتابىدا خىتاينىڭ سوراققا تارتىش، قىيناش، ئاچ قويۇش، مېڭە يۇيۇش ۋە ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن ياكى شاھىت بولغان مەجبۇرى تۇغماس قىلىۋېتىش قاتارلىق رەزىل قىلمىشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

## ئەنگلىيە كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغۇچىلار بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىماسلىقى كېرەك

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 17 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دومىنىك راب (Dominic Raab) ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىدىغان دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالدىنقى ھەپتە راب ئەنگلىيە شىركەتلىرىگە قارىتا يېڭى تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ، شەرقى تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك تاۋارلارنى سېتىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان. خەۋەردە يەنە بىر قىسىم ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭمۇ پارلامېنتنىڭ يۇقىرى پالاتاسىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا كېلىشىمىنى توختىتىش ھوقۇقىنىڭ بېرىلىشى تورغۇسىدىكى تەكلىپلەرنى ئويلىشىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## 2022 ـ يىلدىكى خىتاي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقى رەت قىلىندى

ئامېرىكىدىكى Sprout Wired گېزىتىنىڭ 18 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، كانادا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ (COC) باش كاتىپى داۋىد شومېكىر (David Shoemaker) خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن 2022 ـ يىللىق خىتاي

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى رەت قىلغان. بىر قانچە دۆلەتلەرنىڭ سىياسەتچىلىرى خىتاينىڭ خوڭكوڭ ۋە شەرقى تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى تۈپەيلى، 2022 ـ يىلى خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرغان. خەۋەردە يەنە ئۇيغۇر، تىبەت، خوڭكوڭ ۋە خىتاي دېموكراتىك گۇرۇپپىلىرى ۋەكىللىرى خەلقئارالىق ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ 2022 ـ يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يۆتكىلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن باستۇرۇشلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتىدى

ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايك پومپېئو ۋەزىپىسى ئاخىرلىشىشقا بىر كۈن قالغاندا، يەنى 19 ـ يانۋار كۈنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئورگان تور بېتىدە ئۆز نامىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن باستۇرۇشلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتىدى. پومپېئونىڭ بۇ ھەقتىكى ماقالىسىنىڭ تەرجىمىسى ئۇيغۇرلار ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدا ئېلان قىلىندى.

بايدىن ھۆكۈمىتى تەختكە چىققاندىن كېيىن، پومپېئونىڭ بۇ باياناتىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى


نۇسرەت غەنى
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنگلىيە پارلامېنتىدىكى ئاۋازى، پارلامېنت ئەزاسى
ھۆرمەتلىك نۇسرەت غەنى خانىم


ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا رەڭگى -رويىڭ سامان بولماس.